




# ئاداش-ئاداش بولايلى

(تاللانغان بالىلار قوشاقلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھىلىگۈچى: تۇردىخاجىم تۇرغۇن

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى



ISBN 978-7-89415-023-3



ھۆرمەتلىك ______________ گە:

________________________________________

________________________________________

________________________________________


________________________________________



______________ دىن تەقدىم

-يىلى -ئاينىڭ -كۈنى






# ئاداش-ئاداش بولايلى

(تاللانغان بالىلار قوشاقلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

(تاللانغان باللار قوشاقلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 117.75
نەشرى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 89415 - 023 - 3
ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

# بەش قاغا

— بىزنىڭ باغدا بەش قاغا،
بەشىلىسى ياش قاغا.
خۇدايىم قانات بەرسە،
ئۇچۇپ كەتسەم قەشقەرگە.
— قەشقەر دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ،
ئەنجان دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ.
ئەنجانلىقنىڭ نېمىسى بار؟
— چىنتەخسىدە پىستىسى بار.
— پىستىسىنى كىم چاقىدۇ؟
ھاشىم ئاخۇن قاراقاش.
ئون پۇلۇمنى بەر ئاداش،
ئون پۇلۇمنى بەرمىسەڭ،

شەرئەتكە يۈر ئاداش.
— شەرئەتتە نېمە بار؟
— ئاخۇن بىلەن قازى بار.
— ئۇلار بىزنى نېمە قىلۇر؟
— ئۇلار بىزنى خۇن قىلۇر.
— شەرئەتكە بارمايمەن،
قازى ئاخۇنۇمنى كۆرمەيمەن.
بەش پۇلۇڭنى ئال، ئاداش،
سېنىڭ بىلەن ئوينايمەن.
كېتىپ بارغان بايۋەچچە،
مېنىڭ دادامغا ئوخشايدۇ.



## قارلىغاچنىڭ قارنى ئاچ



قارلىغاچ قارا نېمە،
قانىتىدىن ئايرىلمىسۇن.
قىز بالا ئاجىز نېمە،
ئاناسىدىن ئايرىلمىسۇن.

قارلىغاچۇ ـ قارلىغاچ،
قارلىغاچنىڭ قارنى ئاچ.
بالىسىغا دان بېرىپ،
ئۆزى يۈرەر يالىڭاچ.

## قاپاق



ئېرىق بويىغا چىقسام،
ئاچمىغان قاپاق چىقتى.
قاپاقنى ئېچىپ باقسام،
ھاشىخان چاپاق چىقتى.

بىر بېسىپ ئېغىز ئاچتىم،
يېنىمغا قاپاق ئاستىم.
سۇنى ئېلىپ ئىچىگە،
ھويلامغا بېرىپ چاچتىم.



## قاغىلار ئۇچتى

قاغىلار ئۇچتى،
بىنەمگە چۈشتى.
بىنەمنىڭ يولى
ئېتىلىپ قاپتۇ.

بىنەمدە بۇغداي،
تۆكۈلۈپ قاپتۇ.
قاغىلار تويۇپ
كېرىلىپ قاپتۇ.

## تاۋاق



تاۋاق ـ تاۋاق،
ئالتۇن تاۋاق.
قىيامەتتە قىرىق تاۋاق،
مىنى قوغلاپ تۇتالساڭ،
نەدىن چىقسۇن بىر تاۋاق.



## قوي


تاققا - تۇققا،
زەنجىر ھالقا.
پاقا دەرەخقە چىقىپتۇ،
قۇيرۇقى شاخقا.

قارا قوي قېنى؟
قېچىپتۇ تاغقا.
تاغقا باقسام
خەۋىرى باغدا.
يۈگۈرۈپ بارسام،
يۈرۈپتۇ سايدا.
قوينى تاپالماي
ھاشىماخۇنكام
قاپتۇ داغدا.



## دوستلىشىش

— بىزنىڭ دوستلار زورايدى،
— بىزنىڭ دوستلار ئازايدى.
— سىلەرگە دوست كېرەكمۇ؟
— بىزگە كۆپ دوست كېرەكقۇ؟
— ئۇنداق بولسا كېلىڭلار،
— كەلدۇق توپقا ئېلىڭلار.
— دائىم بىللە ئوينايلى،
— ئىناق دوستلار بولايلى!
گۈل - غۇنچىلار تېرەيلى.
— باغدا قىزلار يۈرىدۇ،
— گۈل - غۇنچىلار تېرىيدۇ.
— تېرىپ نېمە قىلىدۇ؟
— دوستلىرىغا بېرىدۇ.
— بىزمۇ باغقا كىرەيلى،
گۈل - غۇنچىلار تېرەيلى.
— تىزىپ كۆركەم گۈلدەستە
دوستلىرىمىزغا بېرەيلى.



## تۇرنىلار كۆچۈپتۇ

قاتار ـ قاتار تىزىلىپ،
كۆكتە تۇرنا ئۇچۇپتۇ.
ئىللىق ماكان ئىزدىشىپ،
يۇرتلىرىدىن كۆچۈپتۇ.

كۆچسە كۆچسۇن تۇرنىلار،
قوغلاپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت.
ئانا يۇرتتا ياشىماق
بىزلەر ئۈچۈن ئەڭ راھەت.

## ئاق قۇشقاچ



ئاق قۇشقاچلار دان ئىزدەپ،
چۈشتى باغقا گۇررىدە.
پوكانلىرى تولغاندا،
ئۇچۇپ كەتتى پۇررىدە.

چۇرۇقلىشار ئاق قۇشقاچ،
شاخ سانىشىپ كۈن بويى.
ماكانلىشار دۇگدىيىپ،
سامانلىقتا تۈن بويى.

## تورۇلغا



تورۇلغا «تۇر - تۇر» ئېتەر،
ئۈجمنى گۈر - گۈر ئېتەر.
يازلقى پەيدا بولۇپ
كۈزلۈكى كۆچۈپ كېتەر.

تورۇلغا بەك بەلەن قۇش،
ئۇۋسنى بۇزماڭلار.
تورۇلغلار ئاۋۇسۇن،
تۇخۇمنى چاقماڭلار.

## قارچغا



يورغلاتتم جەدە ئاتنى،
ئوڭ قولۇمدا قارچغا.
قارچغامنى قۇشلۋدم،
قونۇۋالدى ئارچغا.




## قارلىغاچ

ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ،
پەي - قانىتىڭ ئالماچ.
ۋىچىر - ۋىچىر سايرايسەن،
پەيلىرىڭنى تارىغاچ.

## ياز قوشىقى

جاھان ئىسسىپ ياز كەلدى،
غاقىلدىشىپ غاز كەلدى.
قارلىغاچلار كېلىشتى،
لايدىن ئۇۋا سېلىشتى.
قوزا - ئوغلاق ئەي بولدى،
ئۆجمە پىشىپ مەي بولدى.
ئۆرۈكلەر ئالا بولدى،
باغۋەنگە بالا بولدى.
قىيان كەلدى ئېقىنغا،
سۈيى كەلدى تېقىمغا.
سۇ قاشقا چىقىپ كەتتى،
تەخەيلەر ئېقىپ كەتتى.
ئەي خالايىق، تۇغان سال،
تىرگەنلەرنى يوغان سال.
تېز كېلىڭلار ئاداشلار،
قىز بالىلار - قۇرداشلار.
بىزمۇ ھەمدەم بولايلى،
قاشنى قاشقا ئۇلايلى.
قايدۇرايلى قىياننى،
ئەل تارتمىسۇن زىياننى.



# بىزنىڭ باغقا كىرىڭلار

كۆچەت قويۇپ باغ قىلدۇق،
تۈتۈپ كەتتى ئەي بولۇپ.
نوتا سۇردى باغجانلاپ،
پىشتى مانا مەي بولۇپ.

باغقا گۈللەر تېرىدۇق،
بۇلبۇل قونۇپ سايرىغاي.
قېرى - ياش ھەم باللار
سەيلە قىلغاي، يايرىغاي.

باغقا كىرىڭ چوڭ دادا،
بېغىمىز ساپ ھاۋالىق.
باغنىڭ شېرىن مېۋىسى،
ئاجىز تەنگە داۋالىق.

باغقا كىرىڭ چوڭ ئانا،
مېۋە - چېۋە يەپ كېتىڭ.
تېتىپ باقسۇن نەۋرىلەر،
سەر خىلىدىن ئەپ كېتىڭ.

باغقا كىرىڭ جامائەت،
زىلچە - گىلەم سالايلى.
نازۇ نېمەت كەلتۈرۈپ،
كۆڭلۈڭلارنى ئالايلى.

باغقا كىرىڭ خوشنىلار،
ئىززەت بىلەن كۈتەيلى.
بىزگە يۆلەك بولدۇڭلار،
تۇغقان بولۇپ ئۆتەيلى.

باغقا كىرىڭ ئاداشلار،
گۈلزارلىقنى بويلايلى.
مېۋىلەرگە تويۇنۇپ،
راست قانغىچە ئوينايلى.

باغقا كىرىڭ بۇلبۇللار،
گۈلدىن گۈلگە قونۇڭلار.
چاك كەلتۈرۈپ سايراڭلار،
بەك چىرايلىق ئۇنۇڭلار.



# چاكان ـ بەشتاش

چاكان،
چاكان،
چاكچىكان.
كەلگىنە ئاداش،
ئوينايلى بەش تاش.
چاكان،
چاكان،
چاكچىكان،
بەشتاش قايان؟
ئۈستەڭ ياقان.
ئۈستەڭ بويى،
ئىككى چىكى
چىم ـ چىم،
چىم ـ قىياقتۇر ئىتىكى.
دادام ـ دادام،
ئاپام ـ ئاپام،
بىلىكى،
بىلىكىدە ئىلىكى.
گۈلدە گۈل،
گۈللەردە گۈل،
باغدا باردۇر چىچىكى.
ئىككى چىكى،
ئىككى يىقى،

ئىرىقى،
ئىرىقىدا بىلىقى،
مەن سۆزلۈپ ئالايمىكى.
ئۆزۈم،
ئۆز كۆزۈم،
قارا كۆزۈم،
شىرىن سۆزۈم.
چوڭ ئۆزۈم
ئەينىكىم
ئەينەكتە ئايدەك يۈزۈم.
ئۇز ئۆزۈم،
ئۇچنى ئۇچكە ئۇلىسام،
كۈننى ئۆيگە سولىسام.
كۆۋرۈك سالسام دەرياغا،
ئۇچۇپ كەتسەم هاۋاغا.
هاۋا ـ هاۋا،
بۇ هاۋا هاۋامىكى؟
يادىچىنىڭ قىزىنى
توختىكام ئالامىكى؟
قوۋ يىشى،
قەلەم قىشى،
زەيناپخاننىڭ مىڭىشى.
ئوتىبىشى،

پىشتى ئېشى،
دەردكە داۋا ئات گۆشى.
دوك ـ دوك،
دوكدەك،
دوككسى يوق،
چەككۈدەك تاماكسى يوق.

چاكان،
چاكچىكان،
قاشى ـ قاش،
قەلەم قاش،
كەلگىن ئاداش.
قايان؟
ئۆستەڭ ياقان.
بىز تېرەيلى سۈزۈك تاش.
چېكى ـ چېكى،
ئىككى چېكى
ئاق بۇغدايىنىڭ چېچكى.
ئېرىقى،
ئېرىقدا بىلىقى،
كۆزى مارجان سۈزۈكى.
ئۆزۈم،
ئۆزۈمدە بار خۇمار كۆزۈم.
چوڭ ئۆزۈم،
چوڭ ئەينەكتە سۈرتىم،
چوڭلارغا قىلغان سۆزۈم،
چوڭ ئانام،
چوڭ ئانامدۇر دۆلتىم.
چوڭ دادام،
چوڭ دادامدۇر ھۆرمتىم.
ئۈز ئۆزۈم،
ئۈز ـ ئۈچلەپ،
تۇغۇپ بېرەي،
زاكىلاپ بېقىپ بېرەي.
ئۈچلەيلى،
قوشۇلايلى،
بىر مەكتەپتە ئوقۇيلى.
قوۋ يېشى،
قەلەم قېشى،
يوقكەن جۈپتەك ئاداشى.
دوكى ـ دوك،
دوكى يوق،
بىر چىلىم تاماكا يوق.
قوش دوكدوك،
قېشى يوق،
توك ـ توكلاپ ئالماسى يوق.
چاكان،
چاكچىكان.
ئۆستەڭ قايان؟
قارلۇق سايان.
ئىككى چېكى،
ئېچلىپتۇ چېچكى.
بېلىقى،
بېلىقى بىلەزۈكى،
مەن بۆلۈپ ئالايمكى.
ئۆزۈم،
ئۈز شايىدا كۆڭلىكم،
ئۈچ ئۆزۈم،

ئۆچمىدى ئۆچلىگىلى،
باشمىدى ئۆكلەگىلى،
قوناقمىدى تاقلاغىلى،
پىچاقمىدى چاقلاغىلى.

بارىلى،
ئۆچلەپنىڭ ئۆيىگە،
كىرىپ دەريا سۈيىگە،
سەن ئاداشنىڭ تويىغا.

قوۋ يىشى،
قەلەم قىشى،
دەردىگە داۋا ئاداشى.

دوكدوك،
لەيلەپ چىققان زۇلەي پۇچۇق.

دوكسى يوق،
سوكسى يوق،
بىر چىشلەم تاماكسى يوق،
بۇ چىنار ئىگىز چىنار،
چىقماڭ خىنىم شىخى سۇنار.
شىخى سۇنسا نىمە بولا؟
بۇلبۇل كىلىپ نەگە قونار.

چاكان،
چاكچكان،
ئۆستەڭ قايان؟
قاچۇن سايان.

ئىككى چىكى،
قىزىل ئالما چىچكى.

بىلىقى،
قىزىلگۈل يولۇمدىكى،
ئاق بىلەزۈك قولۇمدىكى.

ئۆزۈم،
ئۈز كۆزۈم،
قارا كۆزۈم.
چوڭ ئۆزۈم،
ئوڭ تەكچدە چەينىكم.
ئۆز ئۆزۈم،
ئۆچمىكم، قارامىكن،
قاراپ بىقىڭ تاۋارمىكن؟

قوۋ يىشى،
قەلەم قىشى.

دوك ـ دوك.
دوكىلدايسەن،
سوكىلدايسەن،
ئارقامدىن يىتەلمەيسەن،
چۆرگىلەپ كىتەلمەيسەن.

قوش دوك، تاكتاكسى،
ئادىشمنىڭ ئاكسى،
بىر چىلىم تاماكسى.

نايىنى ناي ـ ناي دىگۈلۈك،
ناننى چايناپ يىگۈلۈك.
ناننى چايناپ يىمىسە،
گالغا تۇرۇپ ئۆلگۈلۈك.
تىرىك تۇرۇپ ئۆلگىچە،
ئوينۇغۇلۇق، كۈلگۈلۈك،
بىزنىڭ باغدا ياڭاق بار،
بەش شىشدە هاراق بار.
هارىقىڭنى ئىچمەيمەن،
قىيامەتتە سوراق بار،
گۆر ئىچدە تاياق بار.

## تۆگىلەك

تۆگىلەكچە ـ تۆگىلەك،
نەگە بارغان تۆگىلەك؟
تۈزغا چىققان تۆگىلەك.
تۈزۈك قەيەردە قالدى؟
يارغىلاقتا قالدى.
ماڭە ئاداش بارايلى،
قالغان يەرنى تاپايلى،
تۈزلىرىڭنى تاسقايلى.



تۆگىلەكچە ـ تۆگىلەك،
تاغقا چىققان تۆگىلەك.
تاغ باغرىدا ئويناشقان،
ئاق توشقان، ئاپپاق توشقان.
بۇ قوشاقنى كىم قوشقان؟
مەن قوشقان،
سەن قوشقان.
ياخشى ئەمەس ئۇرۇشقان،
ئاكام بىلەن مەن قوشقان.
چۈلۈك سىلىپ تۆگىگە،
باشلاپ تۈزلۈق چۆلگە،
قونۇپ ئۈنلۈك يۈكىگە،
قىزىق ـ قىزىق گەپ قوشقان.



# توپ قوشىقى

چىچىكى، چىچىكى،
ئاق لاللىنىڭ چىچىكى،
بۇغداي چىچىكى.
گۈلمىكىن،
چىچەكمىكىن،
ئىپارمىكىن،
ئەنبەرمىكىن،
سۇچىنىڭ قىزى قىزى،
ئەڭ كىچىك ئۇپا قىزى.
ئۇپىنى نەدىن تاپار؟
ئاغچە ئانامنىڭ بىغىدىن.
ئاغچا ئانام كىمگە تېگەر؟
موللا قۇۋان تازغا تېگەر.
موللا قۇۋاننىڭ نېمىسى بار؟
ئالتە ـ ئالتە قۇشى بار.
قۇشلايلىيا، قۇشلايلى،
تاز كالللىسغا مۇشتلايلى.
قاناپ كەتسە كالللىسى،
يىغلاپ كەتسە بالىسى،
ئاچچىق ياغدا ياغلايلى،
لاخشىگىردە داغلايلى.

يېرىلىپ كەتسە كالللىسى
قىزىل يېپتا يامايلى،
ئارقان بىلەن قامايلى.
ئاق شايىدا كۆڭلىكىم،
ئاق ئىشتان پىچاي دەملا؟
ئىشتانلىرىنى قولتۇقلاپ
ئۆيلىرىگە قاچاي دەملا؟
ئالما ئاتتىم هاۋاغا،
لەيلەپ چۈشتى دەرياغا.
دەريا سۈيى قويالدى،
پاتمىچۇقلار بويالدى.
پاتمىخانغا ئۆتۈك ئالسام
پاتمىدى پايپاق بىلەن.
مىس قازانغا چاينى قۇيسام
ئوخشىدى قايماق بىلەن.
ئىلىكاك، ئىلىكاك.
تەڭلە يۇلتۇز،
بىر كەم ئوتتۇز،
هاللا، هالىپى،
قۇلقى سالپى
داكى دىككاك دىك!

## تەلەيخان پوقاق



تەلەيخان پوقاق،
گىردىڭىز سوغۇق.
گىردىسنى ساتالماي،
يىغلىغان پوقاق.
بىر كۆزى بۇلاق،
بىر كۆزى چاپاق.
ئىشتەمدۇ قۇلاق؟
ئېغلدا ئۇلاق.
سېڭىدا قوناق،
بىر قولۇك چولاق،
بىر پۇتۇك ئۇلاق.
مەن گىردەڭنى يېمەيمەن،
ئۆزۈك چىشلەپ باق.

## دوست چاقىرىش



ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
ئوينىغلى بالا بارمۇ؟
ئۆستەك بېشىدا كالا بارمۇ؟
هۇي.. هۇي.
ئوك قولۇمدا ئاش،
سول قولۇمدا تاش.
ئىتتىك كېلىڭلار،
ئوينايلى ئاداش،
هوي..هوي.

# چۆچۇره قوشقى

چۆچۇره، چۆچۇره قاينايدۇ،
ئانام ماڭا بەرمەيدۇ.
بەرمسه، بەرمسۇن،
كۆڭلۈمگمۇ كەلمسۇن.
ئالته كەپتەرنى مەن باقتىم،
ئىككسى موللاقچى.
موللاقچىنىڭ باللرى
مامۇت يالاقچى.

* * *

هوي ئاچا،
نېمه ئاللا؟
كاللا،
كم يەيدۇ؟
باللا.

ئەهه، ئەهه دەپتمەن،
تانايبشىدىن كەپتمەن.
ئاش ئەتمگەن خوتۇننىڭ
قوڭغا نەچچىنى ساپتمەن.
مەن ئۇرغىچە خوتۇندىن
بەش تاياقنى يەپتمەن.

* * *

جەت ـ جەت پاساخان،
ئوسۇرماي كەتسله.
يانچۇقۇمدا چار مېغز بار،
چاينغاچ كەتسله.



# ئۈنچە ـ مارجان

تاققا ـ تۇق،
ئۈنچە ـ مارجان.
ئالا قوي نەدە؟
تاغدا،
نېمە يەر؟
ياپچان،
ئەشتقى ـ پەشتاق،
دۈم ـ دۈم نالە.
گۇپپاڭ تاق ـ تاق.
مۇشتكى بەشتەڭگە،
سەن قال،
سەن چىق.

* * *

ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى،
تېرىپ بولالماي كەچ بولدى.
سەگە تېرەك يىقىلدى،
يۆلەپ بولالماي كەچ بولدى.
قوپۇڭ ئانا كېتەيلى،
تاسمىچىغا يېتەيلى،
تاسمىچىنىڭ يولىدا،
ئون ئىككى پالۋان كېلىدۇ.
ئون ئىككى پالۋاننى كۆرۈپ،
ئاكام يادىمغا كېلىدۇ.
ئاكىڭىز قانداق كىشى؟
ئاغزىدا ئىمانى بار،
قولىدا كىتابى بار.
ئايدەك ئۈز جۇۋانى بار.
ئاق پىيازنىڭ پوستى،
كۆك پىيازنىڭ پوستى.
ئاخشام كەلگەن جۇۋان
مېنىڭ ئاكامنىڭ دوستى.
ئاكامنىڭ دوستى جۇۋان،
ئاكامغا ئات بېقىپتۇ.
ئاكامغا ئەۋەتكىلى،
ياغلىق توقاچ يېقىپتۇ.
تاسمىچىمۇ ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
يىغلىغىلى ئادەم يوق،
ئالتە قوماق يىغلاپتۇ.
ۋاتىرۋات، ۋاتىرۋات،
يامان بولساڭ ئاتتۇرۋات.

## قويسۇن كنونى

مەتوختى، چكنوختى،
ئالتايلقتا خوتۇن ئالدى.
خوتۇنى تۇغدى قوشكېزەك،
ئېتنى قويدى توم تېزەك.
قوش كېزەكمۇ ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
يغلغلى ئادەم يوق،
ئالته قۇمچاق يغلاپتۇ.
نكى - نكى، ننونى
قويسۇن كنونى.
قويمسا كنونى،
بەرسۇن بر مونى.





## مەرەم بۆك

مەرەم بۆك،
ئشتنى پوق.
ئېيتاي دېسەم،
لاتا يوق.
لاتا دېگەن نەدە ئكەن؟
ئۆگزدكەن.
چقاي دېسەم،
شوتا يوق.
شوتا دېگەن نەدكەن؟
دەرەختە،
كېسەي دېسەم،
پالتا يوق.
پالتا دېگەن نەدكەن؟
ساندۇقتا.
ئاچاي دېسەم ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچى موللام ئۆلۈپتۇ.
كونا مازارغا كۆمۈپتۇ.
يغلغلى ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يغلاپتۇ.

## يامغۇر ياغلاق

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق.
موللامنىڭ قىزى،
ئايدەك يۇملاق.
يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق.
موللامنىڭ قىزى،
ساتىدۇ قايماق.
يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق.
قايماقچى يەڭگەم،
ئاكامغا ئامراق.

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.

ئەسكى خوتۇن ئۇرۇشقاق،
رودۇپايدەك بۇدۇشقاق.
تۆتنى سالسام پۇتىغا
ۋارقىراپ كەتتى،
جارقىراپ كەتتى.



## پات قۇرۇڭ

ئاپتاپ چىقىڭ،
ئاپتاپ چىقىڭ.
كونا چاپاننى
سۆرەپ چىقىڭ.
پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ،
ئانام مېنى تىللايدۇ،
چار خورازمۇ چىللايدۇ،
پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ.
دادام دۇمبالايدۇ،
داداڭ نېمىچى؟
دۇمباقچى،
ئاناڭ نىمچى؟
چاقچى.
چاقنى چۆرۈپ تۇرۇڭ،
تالاغا چىقىپ تۇرۇڭ،
پاتمىخان يېتىپ تۇرۇڭ.
باش قاشلاپ يېتىپ تۇرۇڭ،
پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ.

# كوچا قوشاقلىرى

1

هەسەن ـ هۈسەن دەيدۇ،
قوينى سويۇپ يەيدۇ.
قوينىڭ يېغى چىققاندا،
قۇيماق سېلىپ يەيدۇ.

2

هاۋاڭ ـ هاۋاڭزى،
گۈللۈك جاۋاڭزى.
بىر نان بېرەي،
قۇرۇتۇپ قوياي.

3

ئاپتاپپەرەس ئېچىلىپتۇ،
كۈننى كۆرىمەن دەپ.
ئايشەمخانلار ياسىنىپتۇ،
ئەرگە تېگىمەن دەپ.
باينىڭ ئوغلى ئالماپتۇ،
ئەتە كېلىمەن دەپ.

4

جىرىم سالدىم قاتارى،
ئۆچكە كېلىپ غاجارى.
هاسام بىلەن بىرنى قويسام،
تىكىراڭ ـ تىكىراڭ قاچارى.

5

يولدا ماڭغان پاپىدا،
لاينى كۆرسە توختايدۇ.
بىزنىڭ خانىم رەيھانگۈل،
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

6

مېنىڭ ئاكام چاقچاقچى،
نۇرىماننى ئالماقچى.
نۇرىماننىڭ تويىغا
تۇلۇمچاشقان سويماقچى.



## مەن بەك شوخ

بادام قورساق دادام بار،
هوپ، هوپ، هوپ.
بۇدۇر چاچلىق ئاچام بار،
غىپ، غىپ، غىپ.
كەپتەرۋاز بىر ئاكام بار،
هۇش، هۇش، هۇش.
ماڭقىدان بىر ئۇكام بار،
مىش، مىش، مىش.
يىغلاڭغۇ بىر ئۇكام بار،
غىڭ، غىڭ، غىڭ.
ئۆزۈم بولسام بەكمۇ شوخ،
دىڭ، دىڭ، دىڭ.





## باقا باقمەن

باقا باقمەن،
قوغۇن باقمەن،
قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە،
پاچاق چاقمەن.
ئانام ئايدەك، دادام كۈندەك،
مىنى باقدۇ قىزىلگۈلدەك.

## چۈمۈلەم

— چۈمۈلەما، چۈمۈلەم،
نەگە باردىڭ چۈمۈلەم؟
— تۈزغا باردىم چۈمۈلەم،
— تۈزۈڭ قىنى چۈمۈلەم،
— چۈشۈپ قاپتۇ چۈمۈلەم.

# چىگىچەم

چىگىچەم بۇغدايىچەم،
ھەممىگە تاغدايىچەم،
كىچىلەپ زۇۋانى قوي،
زۇۋىنىڭ قايسى قىزى،
ئەڭ كىچىك ئۇيا قىزى.
ئۇيىنى نەدىن ئالار،
چىگىچەمنىڭ باغىدىن.
چىگىچەم كىمگە تېگەر،
ئۇستا قۇۋان تازغا تېگەر.
ئۇستا قۇۋاننىڭ نىمىسى بار،
ئالتۇن ـ ئالتۇن قۇشلارى.
قۇشلارىنى قۇشلايلى،
تاز بېشىغا مۇشتلايلى.
تاز بېشى قاناپ كەتسە،
ئېشەك تېزىكى ئۇۋۇلايلى.
ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا.
دەريا سۈيى قويۇلدى،
پاتمىچۇقلار بويالدى.
بىرىنىڭ ئېتى كومۇلا،
بىرىنىڭ ئېتى سۇمۇلا،
ئاپپاق ساقال بوۋىلار،
قىلدى نەچچە توۋىلار.

ئالداپ ـ سالداپ بىزلەرنى،
قولغا ئالماقچى بولار.
بۆۋىنى بۆۋى دېمەڭلار،
بۆۋى يالغانچى بولار.
بۆۋىنىڭ بىر تال تۆكى،
ئېشەككە ئارغامچا بولار.
بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
جىنەستىخان كىرگەن كوچا.
بېشىغا سەبدە قىسىپتۇ،
ئارقىسىدا ئەيسا غوجا.
روزىنىڭ ئونبەشىدە،
چۈشتى غازاڭ شاراق- شۇرۇق،
ئۆتۈكۈم دەستە ئۆتۈك،
مېڭىشىم تاراق ـ تۇرۇق.
ئاق تىكەن، ئاپپاق تىكەن،
چۆرىسىدە گۈل بار ئىكەن،



گۈلنى ئۈزۈپ كۆپكە سالدىم،
كۆپتە ۋاراق بار ئىكەن.
ئوڭ قولۇمغا ۋاراق ئالدىم،
سول قولۇمغا چىمچىلاق.
چىمچىلاقنى كۆرگىچە،
ئاكامنى كۆرگەن ياخشىراق.
ئاكىڭىز قانداق كىشى،
ئاغزىدا ئىمانى بار،
قوينىدا كىتابى بار،
مەڭزى قىزىل موللا كىشى.
مەڭزىنىڭ قىزىللىقى،
ئەتتاردىكى ئەڭلىكچە بار.
قېشىنىڭ قارالىقى،
مەكتەپتىكى سىياھچە بار.
ئاخۇنۇم ئاپپاق دادامنىڭ،
بېشىدا سەللاسى بار.
قولىدا قەلەم، كىتابى،
يېنىدا تىللاسى بار.
ئوقۇغان راھەت تاپادۇر،
ئوقۇمىغان خارۇ ـ زار.
ئوقۇغان موللا كىشى،
ئۆلسە بېھىشتىن جاي ئالار.

# ئوقۇي دېگەن

بارغاندىم ئوقۇي دەپ،
بىر كۈنلەردە مەكتەپكە.
ھەيدىۋەتتى «دۆت سەن»دەپ،
ئىمان يوقكەن خەلپەتتە.

پەيشەنبىلىك تاپالماي،
بارالمىدۇق موللىغا.
«لام ـ جىم» دېگەن تاختىنى،
ئالالمىدۇق قوللىغا.

يادلاتتى ئايەتنى،
خەت ئۆگەتمەي خەلپىتىم.
دەپ قالدىمۇ، خەت بىلسە
بولۇپ قالار ئۈلپىتىم.



قىرىپ قازان قارىسىنى،
سياھ قىلدۇق سۇ قويۇپ.
تاپالمىغاچ ئاق قەغەز،
يۇردۇق دائىم ئاھ ئۇرۇپ.

بىز بىلمىز بايلارنىڭ،
بالىلىرى لايغەزەل.
ئۇلارغىلا ئىشلەشكە،
يارالغانمۇ كەمبەغەل.

باي بالىسى كەمسىتىپ،
بىزنى دائىم دۆت، دەيدۇ.
پېشانەڭگە يېزىلغان،
دائىم خاراب ئۆت، دەيدۇ.

باي بالىسى ئوقۇپلا،
زالىم بولدى دادىسىدەك.
ئىشقا سالدى بىزلەرنى،
ھەيدەپ يۇرۇپ پادىسىدەك.

بىز ئوقۇساق ـ بىلسەكتى،
بۇ جاھاننىڭ ئىشنى،
سىلماسكەن ھېچ كىشى،
كەمبەغەلنىڭ بېشىنى.

## يېتىم دەيدۇ

يېتىم دەيدۇ، يېتىم دەيدۇ،
يېتىم قىلسا خۇدا قىلدى.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىپ،
غېرىب قىلىپ، جۇدا قىلدى.

قوينۇمدىكى توقاچقا،
سىيادان سېلىپ ياققان،
ئاتامدىن كىچىك قېلىپ،
مېھرىبان ئانام باققان.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
تاۋاردىن ئەتىۋا باللار.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
كوچىدا خارۇ زار باللار.

ئاتامغا نېمە دەپ يىغلاي،
ئانامغا نېمە دەپ يىغلاي.
ئاتام بىلەن ئانامغا،
ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي.





## دىكىر ـ دىكىر توشقان

دىكىر ـ دىكىر توشقان،
نەگە بارىسەن، توشقان؟
دىكىر ئاكام قېشىغا.
دىكىر ئاكاڭ نېمە بەردى؟
ئۆچكە سېغىپ سۈت بەردى.
ئۆچكىسىنىڭ سۈتى يوق،
ئوغلىقىنىڭ پۇتى يوق.
ئۆزى ئىچتى بىر چارا،
ماڭا بەردى بىر قوشۇق،
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
بۇغدىيىكىمنى قويمىدىم.
يۈگۈرۈپ باردىم تۆشۈككە،
بېشىم تەگدى بۆشۈككە.

# چاكۇم

چاكۇم،
چاكۇم،
چاكۇم تاماكۇم.
كېچىكى،
سۇمبۇلدا چېچىكى.
بىلىكى،
بىلىكى، بىلەزۈكى.
ئاغامچىدا تۈگۈنچىكى.
ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
چوڭ ئۆزۈم،
چوڭ تاۋاردا كۆڭلىكىم.
چوڭ بولاي،
چوكان بولاي.
بەزىدە دەردى بارغا دەرمان بولاي.
ئۈچ ئۆزۈم،
قېشىدا قوش ـ قوش تاۋار،
ئۇ خېنىم ـ ئاغىچا خېنىم،
ھەرقاچان يادىمدا بار.
مۈكى،
دۈكۈلدىكى ـ دۆڭ.
ھەمتۈك ـتۈك،
سوكۇلدىكى ـ سوك.
ھويلا.
بۇ ھويلا يوغان ھويلا،
ئوتتۇرىسىدا ئەينۇلا.
ئەينۇلانىڭ ئارىسى،
ئاپپاقىنا ئاق لويلا.
بېگىم چايدا،
خېنىم تويدا.
ئۆينىڭ ئالدىغا چىقسام،
تاينىڭ ئىزى.
كۆيدۈردۇ،
سۆيدۈردۇ باينىڭ قىزى.
كۆندۈردۇ،
كۈلدۈردۇ شېرىن سۆزى.
كولدۇرملىق مەپىسىنىڭ
ئىككى چاقى پەسمىكەن.
خاپا بولماڭ خەلچىخان،
مانتا تۈگمەك تەسمىكەن.
خەلچىخان كۆڭلەك كىيىپتۇ،
گۈلى يوغان باسمىدا.
بېلىگە بەلباغ تاپالماي،
باغلىۋاپتۇ تاسمىدا.

ۋاي، ئوڭ قولى قاپىرىپ،
ھاي، سول قولى سارغىيىپ،
ئاخىرلاشتى تاش تەرمەك،
ئەمما قالدى بۇ پەلەك.
ئەمدى تاشنى بېرىشە،
ئۆز ئۆيۈڭگە كېتىشە!

## گۆرس

ئوغلاق، مولاق.
ئۆيگە كىرسەم قوۋۇق سولاق،
قوغلاپ سالدىم خوتۇن تالاق.
بىر تاي سېتىپ قىز ئالدىم،
قىزنىڭ ئېتى قىڭغىراق.
ئاش قىلدى قاپقارا،
ئۆزى ئىچتى بىر چارا.

## ئەنى، مەنى

ئەنى - مەنى،
ئەركىن دادى،
ئاخۇر - ماخۇر پەمە دوست،
ھەپىس - كوس.
گۆپپۈل - گوپ، باس!



## ئۆمۈر - لۆمۈر بۇلاقى

ئۆمۈر - لۆمۈر بۇلاقى،
ئۇلۇغ سۇنىڭ پۇراقى.
ئۇ بۇلاقتا بىر كەتمەن،
بۇ بۇلاقتا بىر كەتمەن.
كەتمەن بېشى پۆتۆكلۆك،
يىلان بېشى كەرتىكلىك.
كەرتىكلىكتە نېمەڭ بار؟
ئالا - بۇلا تايلار بار.
ئالا - بۇلا تايلارنى
تويلۇق سېلىپ قىز ئالدىم.
قىزنىڭ ئېتى قامقارا،
ئاشنى قىلدى قاپقارا.
ئاناڭ قايان كەتتى؟
ئاش ئەتكىلى كەتتى.
ماڭمۇ ئېلىپ قويدۇڭلارمۇ؟
ئېشىمنى تاختا بېشىدا قويسام،
قاغا ئاكام چوقۇلاپ كەتتى.
قاغا ئاكامنى قوغلاپ بارسام،
خېنىم ئاغچام ئاق پۇرچاق بەردى.
ئاق پۇرچاقنىڭ ئېقىنى ئاقلىدىم،
ئەخمەت ئاكام كىردى،
شېخىنى شاخلىدىم.
شاخمەت ئاكام كىردى،
سېرىقىنى ساقلاپ يېدىم،
ئۆزىگە قالدى قاسىرىقى.
ماڭا ئەمدى ھېچنېمە يوق.

## يامغۇر ياغلاق

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق.
ئاسماندىكى موللارنىڭ
ئەمچەكلىرى دۇملاق.
ئويناىدىغان بالا بارمۇ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟



## چىڭگىل لەيلى

چىڭگىل لەيلى،
چىڭگىلەي،
مەن بازارغا بارماقچى.
مەن بازارغا بارغاندا
ئالتۇن ھالقا ئالماقچى.
سىلىپ ئالتۇن يىگنە
خان غوجامغا يارىماقچى.
چىڭگىل، چىڭگىلەي،
مەن بازارغا بارماقچى،
يانچۇقۇمدا بەش ئاقچى،
ئابلاخاننى ئالماقچى.
ئابلاخاننى ئالغاندا،
ئالتۇن يىگنە سالماقچى.
ئابلاخان ئوغۇل تۇغسا
چىنە ـ تەخسىگە سالماقچى.
شۇ ئوغۇلنىڭ ئىتىنى
مەمەت ئىلى قويماقچى.



## ئەيسا ئاكام

ئەيسا ئاكام ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
ئەيسا ئاكام ئايۋاندا،
ئۇن تاسقايدۇ جاۋاندا.
— ئەيسا ئاكامنىڭ نېمىسى بار؟
— چىنە - تەخسىدە پىستىسى بار.
— پىستىسىنى كىم چاقىدۇ؟
— ھاشىم ئاكام ئۇستىسى بار.
يول بەرسەڭمۇ ئاتىمەن،
بەرمىسەڭمۇ ئاتىمەن.
ئەيسا ئاكام دەردىدە
يۇلغۇن تۈۋىدە ياتىمەن.
لىڭگىر - لىڭگىر
تاق - تاق.
ئەيسا، ئەيسا
پاق - پاق.
ئەيسا دېگەن ئۆلۈپتۇ،
شورتاڭلىققا كۆمۈپتۇ.
يىغلايدىغان ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.



## كۈن چىق

كۈن چىق، كۈن چىق، ئاپتاپ چىق،
خاننىڭ قىزى يىغلاپ چىق.
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟

## بىر باستىم، ئىككى باستىم

بىر باستىم، ئىككى باستىم،
چاقىمغا تانا باستىم.
سىرلىق ساندۇق چاپتۇردۇم،
مەخمەل بىلەن ياپتۇردۇم.
كىمخاب بىلەن ئاچتۇردۇم،
يىلان توغراپ ئاش ئەتتىم.
پاقلان توغراپ كۆك ئەتتىم،
ئەزىز ئاتا - ئانامنى.
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

# تاققا ـ تۇققا

## 1

تاققا ـ تۇققا،
زەنجىر ھالقا،
پاقا چىقتى تېرەككە،
قۇيرۇقى شاخقا،
بۆز چاپانغا كىمخاب ياقا،
قوتۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا.
نەمەنگاندىن بىر خوتۇن ئالسام،
سىڭار يېڭى دوققا،
سىڭار يېڭى سوققا.
ئاچچىقىم نەدىن كەلدى،
ئۇرۇۋەردىم جاققا ـ جۇققا.
ئەتىسى قوپسام ئوخشاپ قاپتۇ،
ئاتقا توقۇيدىغان ئەسكى لىڭگىرچاققا.
چىمىلتىقىم چىمچىق،
تاپىنىدا قان چىق.
تاققا ـ تۇققا،
زەنجىر ھالقا.
ھالقاڭ قايدا؟ تاغدا.
تاغ سېنىڭ، باغ مېنىڭ،
ئۆزۈم پىشتى بال ـ شېكەر،
خان قىزى!
مەن تۇرۇپ، سەن چىق،
تاپىنىڭدا قان چىق،
چىمىلتىقىم چىمچىق.
تاققا ـ تۇققا، زەنجىر ھالقا،
خاننىڭ قىزى ھالقا بەردى.
گۆلدۈر ـ كۆمەش كەسلەنچۈك،
ئوغلاقىڭغا يەتكەنچۈك.
كەنجى بولساڭ مالىكى،
ئون توققۇزدا بىر گۇمپات.
دادام بار، دادام بار،
خان يولىدا دادام بار،
دادام ئاتتى پوزا،
يانچۇقىدا سوزا!.
كېيىنكى ئايلار روزا.

توختىكەم، توخمالىكە،
جانغا سوققان مالىكە.
ھارامزادە دانىكە،
چىمىلتىقىم چىمچىق،
تاپىنىڭدا قان چىق.

## 2

تاققا ـ تۇققا،
زەنجىر ھالقا.

ھالقامبەدى لالىگشىبكەرخان قىزى،
گۈلدۈر - كۆمەش پىستەنچۈك.
ئۈلىغدا سۈت ئەمچەك،
دادام بار.
دادام بار.
دادام ئېتى پوزا،
يانچۇقدا سوزا.
ئوك قولۇم، سول قولۇم.
چىمچىق،
كو ،مولكام.
ئاپتاپتا يولغا چىقىپتۇ،
ئاپتاپسىنمەن دەپ.
بىر قىز بالا چوك بوپتۇ،
ئەرگە تېگىمەن دەپ.
ئاپىسى چازا بەرمەپتۇ،
بايغا بېرىمەن دەپ.

باينىڭ ئوغلى ئالماپتۇ،
ماڭقىسى باركەن دەپ.

كىم ئوسۇردى،
كىم ئوسۇردى؟
ئات ئوسۇردى.
ئاتنىڭ قارنى يەرگە تەگدى.
ئاپپاڭ، جاپپاڭ،
تۆمۈر - تەرسەك، پىستەك،
دالدىم دالچۇق،
كۆزى يامان قانجۇق.
(ئاي بېشى) يىل بېشىدا،
ئايدەك ياسانغان جۇۋان.
توك تېزەككە مۇدۇرۇلۇپ،
ئاتتەك ئوسۇرغان جۇۋان.
دالدىم، دالچۇق،
كۆزى يامان قانجۇق.



## چولىچاق

چولى - چولى چولىچاق،
مېنىڭ بالام ئاي مونچاق،
تەمەچ تەردىم بىر قۇچاق.
تەمىچىگنى كىم ئالدى،
مەمەت تۆمۈر ئىگغىرچاق.

## تېقىرچاق

تېقىر - تېقىر تېقىرچاق،
ئىچىدىكى بېقىرچاق.
ئىككى تۇلۇم ئوزۇقى،
كۆتىدىكى قوزۇقى.



## قاغىلار قاق

قاق ـ قاق، قاغىلار قاق،
ئىشتىنى ئاق،
مەمەت ئاكام خوتۇن تالاق.
ئالا قاغا، نەگە بارىسەن؟
ئالا تاغقا.
ئالا تاغدا نىمەڭ بار؟
ئۇششاق ـ ئۇششاق جىگدەم بار.
كىم بەردى؟
مومام بەردى.
ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقچە،
قىزىمغا بەردىم قىڭراقچە.
ئۆزۈمگە قالدى تىرناقچە.
ئوغلۇم يەپ ئۇۋغا چىقتى،
قىزىم يەپ قىرغا چىقتى.

## خوپ بولۇڭ

خوپ بولۇڭ، چوپ بولۇڭ،
نامازشامنىڭ ئارقىدا،
كۆتى قۇۋاق جىن بولۇڭ.

## ھە دىگەنگە ھە بىرەي

ھە دىگەنگە ھە بىرەي،
يەتتە كۈنلۈك يەر بىرەي،
ھە دىگەنگە ھەدەڭگە،
توققۇز ئاتار بەردەڭگە،
ئىتتىرىۋەتتىم ئۆستەڭگە.





## جاقا - جۇمبۇرچاق

جاق - جاق، جاقا - جۇمبۇرچاق،
قوتۇر ئاتنىڭ دۇمبىسىدە،
ئەسكى ئىڭغىرچاق،
ئۆرۈلۈپ كەتكەن سۇپاڭغا،
يۈگۈرۈپ چىقايمۇ؟
پۈرلىشىپ كەتكەن يۈزۈڭگە،
دەزمال سالايمۇ؟

## ئاسمانغا تاش ئاتتىم

ئاسمانغا تاش ئاتتىم،
مايمۇنغا قاش ئاتتىم.
ئۇخلاپ قالغان قىزچاقنى،
دۇتار چېلىپ ئويغاتتىم.

## ئاداش - ئاداش بولايلى

ئاداش - ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
تالىشىپ يېگەچ بىر ناننى.
دەريا بويى بويلايلى.

ئاداش - ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
ئۇلۇغ سۇنىڭ بويىدا،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.

## بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ

بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ،
كۈچۈك يەتسە ئالساڭچۇ.
ئالالمساڭ ئالالما،
يامان خۇيۇڭنى قويساڭچۇ.



## ئېھ - ئېھ، مەن ئاغرىق

ئېھ، مەن ئاغرىق،
داستىخاندا نان بارمۇ؟
چەينەكتە چاي بارمۇ؟
ئېھ - ئېھ، مەن ئاغرىق،
قازاندا ئاش بارمۇ؟
داڭقاندا شورپا بارمۇ؟
داڭقان يىرىلدى،
شورپا تۆكۈلدى.

## ئاخۇنزادە ئاپپاق

ئاخۇنزادە ئاپپاق،
ئىككى كۆزى چاپاق.
مالىكى دوزاخ،
يەردىن چىققان ياپاڭزا،
پەرەڭ باققان خاۋازا.

## قۇربان قۇرت

قۇربان قۇرت،
ئۆچكە بۇرۇت.
تۆگە تەپكەن،
قارنى كۆپكەن،
يېرىم ناننى يەپ،
يۇرتىغا يەتكەن.

## ئىمام ئاخۇنۇم، نەگە بارىلا

ئىمام ئاخۇنۇم، مەزىن ئاخۇنۇم،
نەگە بارىلا؟
تۆگە باققىلى.
تۆگىلىرى نىمە يەيدۇ؟
قوناق شېخى.
ئۆزلىرى نىمە يەيلا؟
بەتتە پولۇ.
بىر جىلىڭ گۆش ئالدىم،
داڭقانغا سالدىم.
داڭقان يىرىلدى،
شورپا تۆكۈلدى.
ۋاي داد، ئىمام ئاخۇنۇم، داد!



## كىگىزچى بىلەن شاگىرت

ئاتقۇچى داڭ - داڭ قىلىدۇ،
ئىتلىرى غاڭ - غاڭ قىلىدۇ.
ئاتقۇچىنىڭ بىر قىزى بار،
قاپقارا ئاش قىلىدۇ.

ئۆزى ئىچىدۇ بىر تاۋاق،
ماڭا بەردى بىر قوشۇق.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ئېتىكىنى پوقلىدىم.

## مىياۋ - مىياۋ مۈشۈكۈم

مىياۋ - مىياۋ مۈشۈكۈم،
ناننى بەرسەم بەك يەيدۇ،
ئاشنى بەرسەم ئىچىدۇ،
يەرنى كولاپ چىچىدۇ.

## داد، پادىشاھىم، داد

— داد، پادىشاھىم، داد،
— نېمە ئۈچۈن داد؟
— ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپتۇ،
— ئوغرىنى تۇتۇڭلار!
— داد، پادىشاھىم، داد،
— نېمە ئۈچۈن داد؟
— ئوغرىنى تۇتتۇق.
— ئۈچ تۈرلۈك جازا بېرىلسۇن:

بىرىنچى، چىلان يېدۈرمەك جازاسى بېرىلسۇن؛

ئىككىنچى، پاختەك ئۇچۇرماق جازاسى بېرىلسۇن؛

ئۈچىنچى، يەتتە غېرىچ يەرنى بۇرنى بىلەن سىزىش جازاسى بېرىلسۇن.





## ھەر ھەپتىدە يەتتە كۈن

دومىلاپ كەلدى دۈشەنبە،
سايراپ كەلدى سەيشەنبە.
چارلاپ كەلدى چارشەنبە،
پايلاپ كەلدى پەيشەنبە.
ئۇلۇغ جۈمە، شېكەر شەنبە،
ئوينايدىغان يەكشەنبە.

## قوتۇر ـ قوتۇر، شۇم قوتۇر

قوتۇر ـ قوتۇر، شۇم قوتۇر،
قۇم قازانغا نان قاتۇر.
نان ئوتتۇرىسى پىشقۇچە،
چۆرىسىنى يەپ ياتۇر.

ئۆزى ھۇرۇن، گەپ ساتۇر،
تاڭگازىنى يەپ ساتۇر.
خوتۇنى ئەگەر پۇل دېسە،
ئولتۇرۇپ بېشى قاتۇر.

## جالدۇرجاقىم، جالدۇرجاق

جالدۇرجاقىم، جالدۇرجاق.
كونا شەرنىڭ باللارى،
يېڭى شەرنىڭ باللارى.
پۇل بەرسەڭمۇ ئاتىمەن،
بەرمىسەڭمۇ ئاتىمەن.

يۇلغۇن تۈۋىدە ياتىمەن،
يۇلغۇن تۈۋىدە ئىككى باش،
ئىككىلىسى قەلەم قاش،
جاق ـ جاق، جاققا ـ جۇمبۇرجاق.

## مالدىكى مەكرۇھلار

ئىككى كۆزىنىڭ بۇلىقى،
يۇرەكتە ئىككى قۇلىقى.
ئارقا پۇتتا قۇياڭى،
ئۈچەيدىكى يىغلاڭغى.

ئىككى قولىنىڭ قاناتى،
ئۆتى بىلەن ئالتى،
كۆتى بىلەن يەتتى.

## قاتار ـ قاتار تۆگىلەر

قاتار ـ قاتار تۆگىلەر،
نەگە بارغان تۆگىلەر؟
تۇزغا بارغان تۆگىلەر.
تۇزۇڭ قېنى، تۆگىلەر.
ئۇلۇغ يولدا تۆكۈلدى،
مەستۇرخان يىقىلدى.
ھاشىماخۇن ئوسۇردى.
غامجۇغامدا تۆشۈك بار،
ماراپ تۇرغان چاشقان بار.



## ۋاسسارى

ۋاسسارىما، ۋاسسارى،
تاقىر ـ توقۇر ۋاسسارى.
كەشىڭنىمۇ كىيمەمسەن،
مايماق كېتىدۇ دەمسەن.
ياش بالاڭنى بەرمەمسەن،
قارا باتۇر قۇل دەمسەن.
قۇملۇقلاردا قۇم تولا،
يانچۇقلاردا پۇل تولا.
بەش داچەنگە ئۇپا ئالسام،
ئالتە چوكان گول بولا.
چىگىچى بۇغدايچى،
ئۆملەپ ناغرىچى.
رىزۋاننىڭ قايسى قىزى؟
ئەڭ كىچىك ئاپپاق قىزى.
ئۇپىلارنى نەدىن ئالۇر؟
باغۋەننىڭ بېغىدىن.
باغۋەن كىمگە تېگەر؟
قۇربان ئۇستا تازغا تېگەر.
تازلارنىڭ نېمىلىرى بار؟
ئاپپاق ـ ئاپپاق قۇشلىرى بار.
قۇشلىرىنى قۇشلايلى،
تاز بېشىغا مۇشتلايلى،
ئىككى ـ ئۈچ پۇڭلۇق رەڭ ئېلىپ،
يۈز ـ كۆزىنى بويايلى!

## ئۆھۆ ـ ئۆھۆ بوۋىسى

ئۆھۆ ـ ئۆھۆ بوۋىسى،
تاختا ـ خالۇ مومىسى.
تەتۈر كىيىپ جۇۋىنى،
تاياق تايىنىپ ئوينايدۇ.



## تۈڭگۈر تۈك

تۈڭگۈرتۈڭمۇ، تۈڭگۈرتۈك،
باللارنى يۈگۈرتۈك.
باللارنى كەپسىز قىلماي،
ياخشى ئىشقا ئۆگىتىڭ.

ئايىسخانلار ئۆلۈپتۇ،
خالىي گىلەم يىپپىتۇ.
نامىزىدا ئادەم كۆپ،
نەۋرىلىرى كېلىپتۇ.



## ۋاتىر ـ ۋات


ۋاتىر ـ ۋاتىر، ۋاتىر ۋات،
ۋاتىر ۋاتىساڭ، ۋاتىر ۋات.
زالىملارنى ئۆلتۈرۈۋات،
توخۇ گۆشى گۆش ئەمەس،
بىزدەك ئەرلەر بوش ئەمەس.

ۋاتىر ۋات، ۋاتىر ۋات،
كۆڭلى قارا، دىلى يات.
سىنىڭ ئەمەس مېنىڭكى،
ئاكام بەرگەن ئاق ناۋات.
ساڭا ھەرگىز بەرمەيمەن،
كۆتۈرسەڭمۇ داد ـ پەرياد،
يامان بولساڭ ئاتتۇرۇۋات،
يامان بولساڭ چاپتۇرۇۋات.
ئۇيات ـ ئۇيات!

## ئاتاڭ نەگە كەتتى

ئاتاڭ نەگە كەتتى؟
تاغلارغا كەتتى.
كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ؟
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.
نېمە قىلغىلى كەتتى؟
كىگىز قىلغىلى كەتتى.
ساڭا نېمە ئەكېلىدۇ؟
ئىشتان ـ كۆڭلەك ئەكېلىدۇ.
سەنمۇ بارامسەن، بارمامسەن؟
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى...
ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن
لاچىن بالىسى.
ئېگىز تاغدىن ئۇچۇپ چۈشكەن
قۇرغۇي بالىسى.
بۇ ئۆمۈرنى ئىزدەپ يۈرگەن
تۆرە بالىسى.
ئەتىگەن قوپۇپ دۇئا قىلسۇن
ئاخۇن دادىسى.
سىلاپ ـ سىيپاپ بالام قىلسۇن،
قۇشناچ ئانىسى.





## يىغلىماڭ، قىز

قازناقتىن قىز چىقتى،
قۇلۇپنى تولاپ.
ئاغزىغا بىرنى قويدۇم،
يىغلىتىپ ئويناپ.

يىغلىماڭ، قىز، يىغلىماڭ،
ئەتە كېلەرمىز.
سىزگە ئاتاپ گولاڭ ـ شېكەر
ئېلىپ كېلەرمىز.

كىچىك ـ كىچىك ئۆچكىلەرنى
قويلىغىلى ياخشى.
سىزمۇ كىچىك، بىزمۇ كىچىك،
ئوينىغىلى ياخشى.



## ئوينىمايمەن

ئوينىمايمەن، چوينىمايمەن،
ئىشتان- كۆڭلەك كىيمەيمەن.
ئاتام ماڭا كەمپۈت بەرمىسە،
ئاتام دېمەيمەن.

## قاپاق

ئېرىق بويىغا چىقسام
ئاچمىغان قاپاق چىقتى.
قاپاقنى ئېچىپ باقسام
هاشخان چاپاق چىقتى.
بىر بىسپ ئېغىز ئاچتىم،
يېنىمغا قاپاق ئاستىم.
سۇنى ئېلىپ ئىچگە،
هويلامغا بىرىپ چاچتىم.

## بولدى - بولدى

بولدى- بولدى - بولدى،
بولمايدىغان نەدە بار؟
ئەسكى خوتۇن نەدە بار،
ئېشى پىشمىغان ئۆيدە بار.

## بەقسەم - بەقسەم

بەقسەم - بەقسەم،
چىنە - تەخسەم.
ئەتە بازارغا بارارسەن،
تارغاق - سۈزگۈچ ئالارسەن.
تارغاق - سۈزگۈچ ئالغاندا،
باش - كۆزۈڭنى تارارسەن.
باش - كۆزۈڭنى تارىغاندا،
ئەرگە، ئەرگە تېگەرسەن.
ئەرگە، ئەرگە تەگكەندە،
ئالتە بالا تۇغارسەن.
ئالتە بالا بەرى پوق،
ئېرتاي دېسەك لاتا يوق.



## ئالته غاز

ساز ـ ساز، چېكىلەك ساز،
ھويلاڭدىكى ئالته غاز.
ئالته غازنى كىم باقتى،
بىزنىڭ قوشنا ـــ مەمەت نىياز.

## قۇشۇم بار

ـــ زەينەپ، زەينەپ، زەينىپىم،
سەن قاياققا بارىسەن؟
ـــ ئالتايغا بارىمەن.
ـــ ئالتايدا نېمەڭ بار؟
ـــ ئۇچىدىغان قۇشۇم بار.
ـــ ئۇچتى، ئۇچتى، قۇش ئۇچتى،
ئىككى بالا سوقۇشتى.
ـــ بىز ئېيتايلى ئۇلارغا،
سوقۇشمىسۇن يىغلىشىپ.
دوست بولۇپ ئۆتسۇن باللار،
ئۇچقان قۇشقا قارىشىپ.

## جىن بوپتۇ

ئىككى ئادەم بىر بوپتۇ،
نامازشامنىڭ ئارقىدا،
كۆتى قۇۋاق جىن بوپتۇ.

## ئەتىلىككە ھېيت

ئەتىلىككە ھېيت!
ئاپاڭغا ئېيت!
ئىشتان ـ كۆڭلەك ئېلىپ بەرگەي،
ئاتاڭغا ئېيت!



## تۆگە ـ تۆگىلەك

تۆگە ـ تۆگىلەك، تۆگە ـ تۆگىلەك،
بوغا ـ بوغىلاك.
— نەگە بارىسەن؟
— تۇزغا بارىمەن.
— تۇزۇڭ قايدا؟
— يولدا قالدى.
يولدىشكامنىڭ
بىر قىزى بار،
ھېكىم بەگكە تېگىدۇ.
ھېكىم بەگكە تەگكەندە،
ئالتە بالا تۇغدۇ.
ئالتە بالا بەرى پوق،
ئىرتاي دېسە لاتا يوق.
لاتا دېگەن بازاردا،
ئالاي دېسە ئاقچا يوق.
ئاقچا دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسە ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچكام ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
ئاق مازارنىڭ چالمىسى،
ئاق توڭگۇزنىڭ كاللىسى.



## بېشىڭدىكى نېمىدۇ

بېشىڭدىكى نېمىدۇ؟
سۇمبۇل ـ سۇمبۇل چاچلىرىم.
ئارقاڭدىكى نېمىدۇ؟
ئۇششاق ـ ئۇششاق باللىرىم.

## بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ؟

ئېلاخۇدىن سورىساڭچۇ.
ئېلاخۇن بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ؟
پۇلغا سېتىپ ئالساڭچۇ.

## ئاپتاپ چىق

ئاپتاپ چىق، ئاپتاپ چىق،
بىر بالاڭنى قويۇپ چىق،
بەش بالاڭنى يېتىلەپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
ئاپتاپ چىق،
خان قىزىڭنى كۆتۈرۈپ چىق.

## ساناق ساناش

بىر دېگەن بىلەك،
ئىككى دېگەن ئىلىك.
ئۈچ دېگەن ئۈچكە،
تۆت دېگەن تۆشۈك.
بەش دېگەن بۆشۈك.
ئالتە— ئالما،
يەتتە— يەككە،
سەككىز— ساقا،
توققۇز— توقا.
ئون — ئويماق.
ئون بىر— تېپىشماق.

## ئاق تەلەڭگە، كۆك تەلەڭگە

ئۇلۇغ، ئۇلۇغ سۇلار كەلدى،
سۇپا سىلىڭلار.
قىزىل - قىزىل ئالما كەلدى،
تۇتۇۋېلىڭلار.
ئاراڭلاردىن چىقىپ كەتسەم
يىغلاپ قالماڭلار.
ئاق تەلەڭگە،
كۆك تەلەڭگە،
جانىم - جانىم زىلەيخان.
زىلەيخاننىڭ بېغىدا
بىر تۈپ، بىر تۈپ ئانارچەك،
ئانارچەكنىڭ بالىلىرى
بوغۇم - بوغۇمچەك.
ئاق خالتىدا تاش،
كۆك خالتىدا ماش.
سېنىڭ ئاپاڭدىن
مېنىڭ ئاپام ياش.

يەڭگەم، يەڭگەم،
جايناماز تىكەي دەملا؟
جاينامازنى قولتۇقلاپ،
ناماز ئۆتەي دەملا؟
شۇنداق، بالام، شۇنداق،
شۇنداق، بالام، شۇنداق.



## قارلىغاچ

مەن ئۆزۈم بىر قارلىغاچ،
قاناتلىرىم ئالماچ.
تەندە مادارىم بولمىغاچ،
دائىم ئوقۇيمەن دۇرۇت.

گۈلبوستانغا بېرىۋىدىم،
قۇم شېكەرنى يېۋىدىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىۋىدىم،
قوڭغۇز بىلەن قۇرت.

ئۆزۈم كىچىك - كىچىك مەن،
كېچىلىرى بىھوشمەن،
ئادەمزاتقا تونۇشمەن.

## خان بوۋا

خان بوۋا، ئوبدان بوۋا،
ناغرىنى چالغان بوۋا.
ناغرىنى ماڭا بېرىپ،
ئۆزى قاراپ تۇرغان بوۋا.

مەن ناغرىنى چالىمەن،
چېلىپ - چېلىپ يارىمەن.
خان بوۋامغا يالۋۇرۇپ،
يەنە بىرنى ئالىمەن.

خان بوۋام، ئوبدان بوۋا،
ناغرىنى چالغان بوۋا.
مېنىڭ ئاداشلىرىمنى
ناغرىچى قىلغان بوۋا.





## ئانام ئايدەك

ئانام ئايدەك،
دادام ئايدەك.
مېنى باقىدۇ،
قىزىلگۈلدەك.
ئانام ئېتىدۇ لەڭمەن ئاش،
مەن يەيمەن لەڭمەن ئاش.
دادام يەيدۇ چۆچەكتە،
ئانام يەيدۇ كۇمۇچاقتا.
مەن يەيمەن پىلچەكتە،
بەرگەن ئېشىغا تويمايمەن،
خۇدايىمغا يىغلايمەن.
ھۆ... ھۆ... ھۆ...

## ماي

ماي، ماي،
قىچىنىڭ مېيى.
نېسى ساتمايمەن،
كىشىنىڭ مېيى.
نېسى يىغقۇچە
تېشىلىپ كېتەر،
كەشمىنىڭ چەمى.



## مەن كەلدىم

ئىسھاقجان، مەن كەلدىم،
مۇزدەك پولۇ يەپ كەلدىم،
سىزگە بىر مۇشت ئەكەلدىم.

## چامغۇر يۇلۇش

— چامغۇر يۇلىمىز، چامغۇر،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— تېرىپ قويدۇم،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— ئۇندۇرمە بولدى،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— بىر قۇلاق بولدى،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— ئىككى قۇلاق بولدى،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— ئۈچ قۇلاق بولدى،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— تۆت قۇلاق بولدى،
— يۇلىمىزمۇ؟ يۇلىمىز.



## ئەمبەل ـ چەيدو

ئەمبەل،
چەيدو.
باغقا كىردىڭمۇ؟
كىردىم.
ئالما يېدىڭمۇ؟
يېدىم.
گۈلنى ئۈزدۈڭمۇ؟
ئۈزدۈم.
بوغۇن چاقتىمۇ؟
چاقتى.
نەرىڭنى؟
شىللەمنى،
شىلدىر ـ شىلدىر ـ شىلدىر.



# بالا ئاشلاش

(1)

ئاش بولساڭ ئېچىپ چىق،
قوقاق بولساڭ كۆچۈپ چىق.
ئاش، ئاش، ئاش.
ئاچ پاقىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولساڭمۇ چىق.
چۆل پاقىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولساڭمۇ چىق.
ئاش، ئاش، ئاش.
چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلارغا بار،
يالغۇز دەرەخكە بار،
ئۇلۇغ سۇغا بار،
چىرايلىق باغلارغا بار،
ئېگىز تاغلارغا بار،
ئەسكى تۈگمەنلەرگە بار.
چىقساڭ چىق،
چىقمىساڭ ئىت تېزىكى بىلەن ئىسلايمىز،
يۇلغۇن كۆتىكى بىلەن چىتلايمىز.

(2)

ئاللاھۇممە، ئاچ،
ئاچ، ئاچ، چىق!
چۈشكۈرگەنىڭ يۈزىگە چىق.
توق بالامنى قىينىماي،
ئاچ قالغانىنىڭ كۆزىگە چىق.
ئاچ، ئاچ، ئاچ!
ئاچ بولساڭ چىق.
چىرايلىق قىزنىڭ چېچىغا چىق.
ئاللاھۇممە، ئاچ،
ئاچ، ئاچ، ئاچ.
ئاچ بولساڭ ئاچلارغا چىق،
ئاچ قالغاننى قوغلىشىپ،
تاپالمىساڭ تاشقا چىق.
ئاچ، ئاچ، ئاچ!
ئاچ بولساڭ چىق، چىق،
باي خېنىمنىڭ بېشىغا چىق.
ئاچ، ئاچ، ئاچ!
ئاچ بولساڭ چىق، چىق.
ئويناشماي بوزەك بىلەن،
چۆلگە، كۆلگە كېتىڭلار،
ئۇجۇقتۇراي تېزەك بىلەن.
ئاچ، ئاچ، ئاچ!
ئاچ بولساڭ چىق، چىق.
نەدىن كىرسەڭ شۇ يەردىن چىق.

## ئارقامدا موزاي مۆرەيدۇ

ئارقامدا موزاي مۆرەيدۇ،
ئوت سەپ بەرسەم يېمەيدۇ.
يە ئۆزىنىڭ خىلى يوق،
سۆزلەيدىغان تىلى يوق.
ماڭا قاراپ تەلمۈردى،
ئاڭا ئىچىم ئاغرىدى.
چېلەك سېلىپ مۈرەمگە،
يۈگۈرۈپ باردىم ئۆستەڭگە.
سۇ ئەپكەلدىم بىر چېلەك،
ئۇنى ئىچىپ تويمىدى.
يەنە ئەپكەلدىم بىر چېلەك،
ئىچتى، قاندى ياش يۈرەك.
ئوتنى سالدىم قايتىدىن،
موزاي يېدى باشقىدىن.
قاراپ تۇردۇم بىرھازا،
تويۇۋالدى ئۇ تازا.





## چىم چۆچەك

چىم چۆچەك، چىم چۆچەك،
ئوتتۇرىسى كۆلمەنچەك.
سۇ قۇيسام تېشىپ كەتتى.
چۆچۈرەم - چۆچۈرەم قاينايدۇ،
ئانام ماڭا بەرمەيدۇ.
بەرمىسىمۇ بەرمىسۇن،
كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ،
كېلىڭ دوستلار ئوينايلى،
ئاداش - ئاداش بولايلى.
ئاپىمىزنىڭ ئەمچىكىگە،
توپا چېچىپ قاچايلى.
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.
ئايرىلماس دوست بولايلى.

# ئات توقۇش ئويۇنى

دوقۇ ـ دوقۇيلى،
ئاتنى توقۇيلى.
نەگە بارايلى؟
تاغقا بارايلى.
تاغدا نېمە بار؟
تاغدا ئادىشىم بار.
ئادىشىڭ كىمدۇر؟
بۆۋى سارە.
بۆۋى سارە
ئاش ئېتىدۇ
ئون چارا،
ماڭا بېرىشى بىر قوشۇق،
ئۆزى ئىچىدۇ بەش چارا.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ئالما كەپلەپ قويمىدىم.
چالما كەپلەپ قويمىدىم.
ئۆنى گوللاپ قويمىدىم.

بۆرگەم ـ بۆرگەم بىر باتۇر،
مەخمەل كۆرپىدە ياتۇر.
بۆرگەمگە تاغار ئارتسام،
قارا پاتقاقتا ياتۇر.
«هوش» دېسەممۇ قوپمايدۇ،
«چۇھ» دېسەممۇ قوپمايدۇ.
بىزنىڭ هورۇن بۆرگە باي
تاياقتىنمۇ قورقمايدۇ.
ئون بىر كالتەك ئۇرغاندا،
ئۆلۈپ قالسا قوپمايدۇ.

قاق ـ قاق، قاغىلار قاق،
ئالا قاغا نەگە بارىسەن؟
ئالا تاغقا
ئالا تاغدا نېمە بار؟
ئۇششاق ـ ئۇششاق جىگدەم بار.
كىم بەردى؟
مومام بەردى.
ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقچە،
قىزىمغا بەردىم قىڭراقچە،
مېنىڭ بالام بىرگىنە،
قىزىل ئالما گۈلگىنە.
مىنگەن ئېتى تايگىنە،
ئاسماندىكى ئايگىنە.

هاي بولۇر... هاي بولۇر،
ئاتنىڭ بالىسى تاي بولۇر.
گاداي بالىسى باي بولۇر،
بەگنىڭ بالىسى لاي بولۇر.

ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى،
بالام، بالام، بالام.
تېرىۋالالماي كەچ قالدۇق،
ئات قۇيرۇق يېيىلدى.
توشۇۋالالماي كەچ قالدۇق،
بالام، بالام، بالام.

# توختى غوجى ئايلا

زىۋىدىخان،
خوتۇننىڭ ئېتى؟!
نېمە ئىش قىلىدۇ؟
ئاش ئېتىدۇ،
ئەتكەن ئېشى،
قاپقارا.
ئۆزى ئىچىدۇ،
مىڭ قوشۇق.
بىزگە بېرىدۇ،
بىر قوشۇق.
قورساق تويمىدى،
خۇدايىمغا يىغلايمەن،
ھى.. ھ.. ھ..
توختى غوجى ئايلا توختىسىلا،
ئەتە بازارغا بارمىسىلا.
مايماق ئېشەككە مىنمىسىلە.

مايماق ئېشەككە مىنگەندە،
شەللەك گۆيەك سالمىسىلا.
شەللەك گۆيەك سالغاندا،
توختى غوجىغا تەگمىسىلە.
توختى غوجىنىڭ ئىشتىنى يوق،
ئېيتاي دېسەم لاتا يوق.
لاتا دېگەن ئۆگزىدە،
چىقاي دېسەم شوتا يوق.
شوتا دېگەن دەرەختە،
دەرەخ كېسىشكە پالتا يوق.
پالتا دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسەم ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچ دېگەن مىسكەردە،
ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.
بىر پۇلغىمۇ كەلمەيدۇ،
ئىككى پۇلغا ئالغۇم يوق.



# يامغۇرلۇق قوشقى

1

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق.
موللامنىڭ قىزى،
ئايدەك يۇملاق.

2

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.

3

ئاپتاپ چىقىڭ، ئاپتاپ چىقىڭ،
كونا چاپاننى سۆرەپ چىقىڭ.

پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ،
ئانام مېنى تىللايدۇ،
چار خورازمۇ چىللايدۇ،
پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ.
دادام دۇمبالايدۇ،
داداڭ نېمىچى؟ دۇمباقچى،
ئاناڭ نېمىچى؟ چاقچى.
چاقنى چۆرۈپ تۇرۇڭ،
تالاغا چىقىپ تۇرۇڭ،
پاتمىخان پېتىپ تۇرۇڭ.
باش قاشلاپ يېتىپ تۇرۇڭ،
پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ.



## يىغلىغلى ئادەم يوق

ئەخمەت باينىڭ بىر قىزى،
باسما كۆڭلەك كىيىپتۇ.
باسما كۆڭلەك كىيدۈرگەن،
ھېلىم بەگكە تېگىپتۇ.
ھېلىم بەگدە ئۆي تۇتۇپ،
ئالتە بالا تېپىپتۇ.
ئالتە بالا بەرى پوق،
سۈرتەي دېسە لاتا يوق.
لاتا دېگەن ئۆگزىدە،
چىقاي دېسە شوتا يوق.
شوتا دېگەن دەرەختە،
كېسەي دېسە پالتا يوق.
پالتا دېگەن بازاردا،
ئالاي دېسە پۇلى يوق.
پۇل دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسە ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچكاملار ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
يىغلىغلى ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.
ئاق مازاردا بىردەمدە،
ئاق تىكەنلەر ئۈنۈپتۇ.

## ئالا قاغا

ئالا قاغا،
ئۆيۈڭ نەدە؟
— ئالا تاغدا.
— نېمە يەيسەن؟
— سوقا جىگدە.
— نېمە قىلىسەن؟
— چوقۇلايمەن.
— يەنە - يەنىچۇ؟
— كاركىرايمەن.
قورسىقىم ئاچسا،
قاترايمەن!

## دۈم - دۈم - دۈم

— دۈم - دۈم - دۈم
— لەۋەي، لەۋەي.
— ئاناڭ نەدە؟
— ئەسكى سامانلىقتا.
— نېمە قىلىۋاتىدۇ؟
— ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
— ماڭا قويامدىمۇ؟
— قاغا چوقۇلاپ كەتتى.
— ماڭ قاغىنى تېپىپ كەل!

## بۆشۈك ناخشىسى

1

باغ ـ باغ ئەتكەن بېغىرتاق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
باراي دېسەم يول يىراق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

يىراقتىكى تۇغقاندىن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
تام قوشنىلار ياخشىراق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

سۇلار ئاقۇر ئېرىقتا،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
غىلدىر ـ غىلدىر شىرىلداپ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ياقا يۇرتتا غېرىبمەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
يۈرەك كۆيەر پىلدىرلاپ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

قارانچۇقۇم سەن ئۆزۈك،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
تايانچىغىم سەن ئۆزۈك،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

سەندىن باشقا نېمەم بار،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
كۆز قارچۇقۇم سەن ئۆزۈك،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئاشقا قاتتىم يۇمغاقسۇت،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
تومۇرلارنى باسسۇن دەپ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ساڭا ئۇمىد باغلىدىم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
نادانلىقنى يەشسۇن دەپ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئەتە چوڭلا بولارسەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئوقۇشلارغا بارۇرسەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئادەم كۆركى ئىلىمدۇر،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئوقۇپ بىلىم ئالۇرسەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئوقۇپ ئالىم بولساڭ سەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئاق سۈتۈمگە مەن رازى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئېلىڭ ئۈچۈن تەر تۆكسەڭ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
باقىنىمغا مەن رازى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

2

مېنگەن ئېتىڭ يورغىدۇر،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
كۆزۈڭدە يوق ئۇيقۇدۇر،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

كۆككە بېقىپ قارايسەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئويغا سالغان نېمىدۇر،
ئەللەي بالام، ئەللەي.



ئاسماندىكى تۇرنىلار،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
جەنۇب ياققا قايتىپتۇ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

بويۇن ئېگىپ تۆۋەنگە،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
قاتار ـ قاتار ئۇچۇپتۇ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
سالام دەڭلار تۇرنىلار،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئۇچتۇرپاندىن ئۆتكەندە،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
يەنە قايتىپ كەلگەندە،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

زامان شۇنداق تار ئىكەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئايرىۋەتتى ئانامدىن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئايرىلمىغان بىرمۇ كۈن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ياشلىقىمدا ئاتامدىن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

قانات بولسا ئۇچاتتىم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئۇلار بىلەن شۇ ياققا،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

قانات يوقكەن ياش تۆكۈپ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئىچىم تولدى پىراققا،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئۇخلا قوزام — كۆز نۇرۇم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
نىسپى بولدى تۈنلەرمۇ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئۈمىد بىلەن ياشايمەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
كېلەر ئېسىل كۈنلەرمۇ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

3

ۋىلىق ـ ۋىلىق كۆلدۈك،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
تايتاك ـ تايتاك يۈردۈك،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

پۇت ـ قولۇڭدا ماغدۇر يوق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئوغۇز سۈتكە تويمىدىڭ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.



ئەللەي بالام، بوتا ـ تاي،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
غەملەر باستى موماڭنى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئەس ـ يادىمغا كەلتۈردۈڭ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئۆلۈپ كەتكەن ئاناڭنى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئاناڭ مېنىڭ قىزىمتى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
يۈرىكىمتى، كۆزۈمتى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

تولۇن ئايدەك چىرايلىق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
قاش، كىرپىكى قوندۇزتى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

# باللار قوشاقلىرى

چېۋەر ئىدى قوللىرى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
كۆيەر ئىدى موماڭغا،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

سۆيەر ئىدى ئېسىلىپ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
سادىق ئىدى بوۋاڭغا،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئاتاڭمۇ يوق، ئاناڭمۇ يوق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
يېدى ئۇنى زالىملار،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئۆلتۈرۈۋەتتى بوۋاڭنى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
پەيلى يامان قاۋانلار،
ئەللەي بالام، ئەللەي.



گادايلارنى يىغلاتتى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
قان شورىغاچ زامانلار،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ۋاقىتسىز غازاڭ بولدى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
باغدا ئۆرۈك ـ ئالمىلار...
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئۇخلا، قوزام ـ ئامرىقىم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
مېنىڭ بىر تال يالغۇزۇم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

موماڭ سۆزىن قەلبىڭگە،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
پۈكۈپ قويغىن، قۇندۇزۇم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئۇخلا بوتام، يۇلتۇزۇم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
سەن ـ سەن مېنىڭ قۇلۇنۇم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

لاچىن بولۇپ يېتىلگىن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
شۇدۇر مېنىڭ ئۈمىدىم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

## چولىچاق

چولى - چولى چولىچاق،
مېنىڭ بالام ئاي مۇنچاق.
تەمەچ تەردىم بىر قۇچاق،
تەمچىگىنى كىم ئالدى،
مەمەت تۆمۈر قىڭغىرچاق.

## ئۆھۆ - ئۆھۆ بوۋىسى

ئۆھۆ - ئۆھۆ بوۋىسى،
تاختا - خالو مومىسى.
(تەتۈر كىيىپ جۇۋىنى،
تاياق تايىنىپ ئوينايدۇ).





## مەمەجاننىڭ نېمىسى بار؟

مەمەجاننىڭ نېمىسى بار؟
پۇتىدا چورۇق، پىيمىسى بار.
ئالتۇن پۆپۈش ئاتالغان،
كىچىككىنە بىر قىزى بار.

قىز قولىدا بىر قورچاق،
ئېسىۋالغان كۆپ مونچاق.
ئەتە قىلىپ ماڭىدۇ،
دورىغىنى ئاق تايچاق.

كۆك ئۈستىگە ئاي چىقتى،
قورۇمىزدىن تاي چىقتى.
بۇ مەلىنىڭ ئىچىدىن،
مەمەت ھاجىم باي چىقتى.

باي غوجامنىڭ نېمىسى بار،
چىنە تەخسىدە پىستىسى بار.
پىستىسىنى كىم چاقىدۇ،
ھاشىماخۇن قارا قاش.

## قوي

تاققا ـ تۇققا،
زەنجىر ھالقا.
پاقا دەرەخقە چىقىپتۇ.
قۇيرۇقى شاختا.
قارا قوي قېنى؟
قېچىپتۇ تاغقا.
تاغقا باقسام،
خەۋىرى باغدا،
يۈگۈرۈپ بارسام،
يۈرۈپتۇ سايدا،
قوينى تاپالماي،
ھاشىماخۇنكام،
قاپتۇ داغدا.



## زەيكەش

بۇيانمۇ زەيكەش،
ئۇيانمۇ زەيكەش.
باغلىق ئوينايمىز،
ئارقامدىن ئەگەش،
دوست ـ دوست چىمەن دوست،
نەلگە بارساق بىللە دوست.

## ئاكىڭىز قانداق كىشى؟

ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى،
تېرىپ بولالماي كەچ بولدى،
قوپۇڭ ئانا، كېتەيلى،
يۈسۈپ باينىڭ ئوچىقىغا،
قېيما كۆمەچ كۆمەيلى.
ئاكىچىكامنى قىچقىرىپ،
ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يەيلى.
— ئاكىچىكىڭىز قانداق كىشى؟
— ھەممىدىن ئوبدان كىشى؛
ئاغزىدا ئىمانى بار،
قوينىدا قۇرئانى بار،
بىلسىڭىز موللا كىشى.

## غوجالدىرۋاق

جالدىرۋاقﻗا جالدىرۋاق،
كىمدە بولسا شۇنىڭغا باق.
سەن ئۇنىڭغا باقمىساڭ،
يېڭى ئويۇن تېپىپ باق.
يېڭشەھەرنىڭ باللىرى،
كونىشەھەرنىڭ باللىرى.
ئوينىغلى چىقماپتۇ،
مەخسۇتباينىڭ خانلىرى.
يۆگەي ـ يۆگەي ئوخشايدۇ،
يېكەندازغا ئوخشايدۇ.
ئاشۇ كېلىۋاتقان بايۋەچچە،
مېنىڭ دادامغا ئوخشايدۇ.
ئۆيگە كىرسەم قاراڭغۇ،
تالاغا چىقسام داراڭگۇ.
داراڭگۇنىڭ دەستىدىن،
بولۇپ قالسام ياداڭغۇ.





## مەن ئاغرىق

ئىھ ـ ئىھ مەن ئاغرىق،
داستىخاندا نان بارمۇ؟
چەينەكتە چاي بارمۇ؟
چەينەكتە چاي بارمۇ؟
ئىھ ـ ئىھ مەن ئاغرىق،
قازاندا ئاش بارمۇ؟
داڭقاندا شورپا بارمۇ؟

ئىھ ـ ئىھ مەن ئاغرىق،
يۆلەيدىغان ئانا بارمۇ؟
قارايدىغان بالا بارمۇ؟

ئىھ ـ ئىھ مەن ئاغرىق،
ئەملەشكە دورا بارمۇ؟
ئوتلاشقا سۇ بارمۇ؟

داڭقان يېرىلدى،
شورپا تۆكۈلدى.
پىيالە چېقىلدى،
دورا چېچىلدى.

# دوككاك ـ دوك

دوك ـ دوك، دوككاك ـ دوك،
ئەتىسى قوپسام بىر خام يوق.
ئۇ بىر خامنى كىم ئالدى؟
زۇمۇرە قىرى ئالدى.
زۇمۇرەنىڭ نېمىسى بار؟
ئالتۇن ـ ئالتۇن قۇشلىرى بار،
چىنە ـ تاۋاقتا ئاشلىرى بار.
قۇشلارنى قۇشلايلى،
ئەتىۋارلاپ باقايلى.
ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا.
دەريا سۈيى قويالدى،
پاتمىچۇقلار بويالدى.
بىرىنىڭ ئېتى كۇچۇلا،
ئاپپاق ساقال بوۋىلار.
ئۆتۈكۈم دەستە ئۆتۈك،
مېنىڭشىم تاراق ـ تۇرۇق.
ئاينىڭ ئون بەشىدە،
چۈشتى غازاڭ شاراق ـ شۇرۇق.
ئاق تىكەن، ئاپپاق تىكەن،
چۆرىسىدە گۈل بار ئىكەن.
گۈلنى ئۈزۈپ يامغا سالدىم،
يامدا بايراق بار ئىكەن.
ئوڭ قولۇمغا بايراق ئالدىم،
سول قولۇمغا شام چىراغ.
شام چىراغنى كۆرگۈچە،
ئاكامنى كۆرگەن ياخشىراق.



## قاپاق

ئېرىق بويىغا چىقسام،
ئاچمىغان قاپاق چىقتى.
قاپاقنى ئېچىپ باقسام،
ھاشىخان چاپاق چىقتى.

بىر بېسىپ ئېغىز ئاچتىم،
يېنىمغا قاپاق ئاستىم.
سۇنى ئېلىپ ئىچكە،
ھويلامغا بېرىپ چاچتىم.

## خەت كەلدى

تىكىلاڭ ـ تىكىلاڭ ئات كەلدى،
ئات كەينىدىن خەت كەلدى.
خەتنى ئوقۇپ ئولتۇرسام،
مۇنداق يېڭى گەپ كەلدى:
ئاتنى سىلىڭ ئوغلاقتا،
دىققەت قىلىڭ موللاقتا،
تارتىۋېلىپ ئوغلاقنى،
ساپساق بېرىڭ پەللىگە،
چاۋاك ـ چاۋاك چالايلى،
كۆڭۈلدىن خوش بوپ قالايلى،
سەن قازانغان غەلىبىگە.



## رامزان ئېيتىش

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق
ئىشىكىڭگە.
قوچقاردەك بالا بەرسۇن
بۆشۈكۈڭگە.

تۈڭلۈكۈڭنىڭ بېشىدا
ئاي كۆرۈنەر.
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي
باي كۆرۈنەر.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسىدا
قوينىڭ ئىزى.
ناننى جۈپلەپ بېرىدۇ
باينىڭ قىزى.

## چىم - چىم

چىم - چىم، چىما چىم،
سۇنى پۇلغا ساتقان كىم؟
سۇنى پۇلغا ساتقىنى،
دوغاپچىنىڭ چوڭ قىزى.
مۇزخانىدىن ئالغاندەك،
مىجەزى چۇس، توڭ قىزى.
چىمكى - چىمامكى؟
ئۇسسىغاندا ئىچكىلى،
چىلىكى بىكارمىكى؟
بىزگىمۇ سۇ بارمىكى؟
قىز ئۆزى ئىزدەپ بېرىپ،
باغدىن بىر گۈلنى ئىگە.
ئاخىرى باغ باققۇچى،
موللىقۇۋان تازغا تېگە.

موللىقۇۋان تازنىڭ نېمىسى بار؟
ئالتە - يەتتە قۇشى بار.
قۇشلايلى، قۇشلايلى،
تاز كاللىسىغا مۇشتلايلى.
تاز كاللىسى قانىسا،
قىزىل يېپتا يامايلى.
دوغاپچىنىڭ قىزىدا،
مېھىر - ۋاپا بارمىكى؟
مېھىر - ۋاپا بولمىسا،
خەق ئۇنى نەدىن تاپا.
ئاچچىقى يامان زاغۇن تاز،
گەپ ئاڭلىماس گاژگۇن تاز،
خوتۇنۇڭ بىلەن ئۆيدە قال،
بىزلە ئاستا يانايلى.





## ئەي ئايەم

كىچىككىنە قايچا قولۇمنى كەستى،
ئۈنچە ـ مارجان يولۇمنى توستى.
ئەي ئايەم ـ ئەي ئايەم،
نەگە بارىسەن؟
تاغقا بارىمەن.
تاغدا نېمە بار؟
تاغدا بادام بار.
بادام كىمنىڭكى؟
ئوتنۇاينىڭكى.
ئوتنۇاي ـ ئوتنۇاي،
قورسىقىدا بالىۇاي.
ۋىچىر ـ ۋىچىر سايرامدۇ؟
ۋىچىر ـ ۋىچىر سايرايدۇ؟
سىڭىل خېنىمغا توي كەپتۇ،
ئالا پاچاق قوي كەپتۇ.
قوينى سويۇشلار ۋاقتىدا،
ئاشنى ئېتىشلار تاختىدا.



## چاققانجان

تۈتۈلۈپ قالدى كۆچۈرۈپ،
ئىمتىھاندا چاققانجان.
ساۋاقداشلار ئالدىدا،
ئىززىتىنى ساتقانجان.

كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمەي،
ھەر تەرەپكە چاپقانجان.
ئىمتىھاندا ئۆتەلمەي،
غەم ـ قايغۇغا پاتقانجان.

ھە دېسىلا پو ئېتىپ،
قۇرۇق گەپنى ساتقانجان.
كۆننى بىكار ئۆتكۈزۈپ،
«قالدۇق» بولۇپ قالغانجان.

تاشلاپ ناچار ئىللەتنى،
ئۆگىنىشكە ئاتلانجان.
ئەلا ئوقۇپ مەكتەپتە،
دىلدىن كۈلۈپ شادلانجان.

# بىلىم ھەققىدە قوشاق

مەكتىپىمىزنىڭ ئالدىدا،
قاتار - قاتار تېرەك بار.
چوڭ بولغاندا بىزلەردە،
ئالىم بولۇش تىلەك بار.

مەكتىپىمىزنىڭ ئارقىسىدا،
مەمەت باينىڭ بېغى بار.
بىزگە ئوخشاش باللارنىڭ،
خۇشال ئوقۇش چېغى بار.

ئەتىگەندە ۋە چۈشتە،
ئوينايمىز بىز تەنھەرىكەت.
ۋاقىتنى چىڭ تۇتساقلا،
ئۇندىن كېلىدۇ بەرىكەت.

پاكىز - رەتلىك كېيىنىپ،
قاۋۇل ئەۋلاد بولىمىز.
ئۇستازلارنىڭ سۆزىنى،
ئەستە مەھكەم تۇتىمىز.

سىنىپىمىزنى تازىلايمىز،
سۈپۈرگىدە سۈپۈرۈپ.
ئۆگىنىمىز ئىلىم - پەن،
تىرىشىپ باش چۆكۈرۈپ.
يېڭى سالغان كۆچەتنىڭ،
ئەمدى چىقتى قۇلىقى.
مەكتەپ ئىچى بولىدۇ،
ئەقىل - بىلىم بۇلىقى.



باغدا پىشقان ئۆرۈكنى،
سەھەردە تۈرۈپ يەيمەن.
ياخشى ئوقۇپ مەكتەپتە،
بىلىملىك بولاي دەيمەن.

مەكتەپ ئۆچىگە رەتلىك،
تىكىلىپتۇ تېرەكلەر.
ياخشى ئوقۇش مەكتەپتە،
بىزنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلەر.

ھاۋادىكى لاچىننى،
ئوڭ قولۇمغا قوندۇردۇم.
دىلىمدىكى بوشلۇقنى،
بىلىم بىلەن تولدۇردۇم.

يېڭى سالغان كۆچەتنىڭ،
ئېچىلار گۈل ـ چېچەكى.
ھازىرقى ياش ئەۋلادلار،
ۋەتەننىڭ كېلەچىكى.

شاختا بولغان ئانارنىڭ،
قىپقىزىلدۇر پوستى.
بىلىم ئالىمەن دېگەننىڭ،
كىتاب بولىدۇ دوستى.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
شاختا بولمىسا، بولماس.
كەلگۈسىنى ئويلىساق،
بىلىم ئالمىساق بولماس.

ئانار چېچىكى قىزىل،
ئۈنىڭ ياپرىقى كۆكتۇر.
دائىم كىتاب كۆرگەننىڭ،
ئىچىدە بىلىم كۆپتۇر.

پاختا تېرىپ، چاق ئېگىرىپ،
ماتا ـ تاغار توقۇيمەن.
ساۋاتسىزلىق يامانكەن،
ئەمدى ياخشى ئوقۇيمەن.



## جۈپتۈگنى تاپ

كىچىككىنە قايچا
قولۇمنى كەستى.
ئۈنچە ـ مارجان چېچىلىپ
يولۇمنى توستى.
— ئەي ئايىم، ئەي ئايىم،
نەگە بارىسەن؟
— تاغقا بارىمەن.
— تاغدا نېمە بار؟
— تاغدا بادام بار.
— بادام كىمنىڭكى؟
— ئۆتنۋايىنىڭكى.
ئۆتنۋاي، ئەي ئۆتنۋاي،
قورسىقىدا بالىۋاي.
ۋىچىر ـ ۋىچىر سايرامدۇ؟
ۋىچىر ـ ۋىچىر سايرايدۇ.
سىڭىلچاققا توي كەپتۇ،
ئالا پاچاق قوي كەپتۇ.
قوينى سويۇڭلار ۋاقتىدا،
ئاشنى ئېتىڭلار تاختىدا.
كەلسە خېنىم مەزەگە،
كەلسە خېنىم سىنچايغا.
سىنچايلىرى سوۋۇپ قاپتۇ،
مەزەلىرى قېتىپ قاپتۇ.



## يىڭنەم يىتتى

يىڭنەم يىتتى، يائاللا، يىڭنەم يىتتى،
كىم تېپىۋالغاندۇ، يائاللا، يىڭنەم يىتتى.
ئەگەر كىم تېپىپ بەرسە، يائاللا، يىڭنەم يىتتى،
ئاڭا سۆيۈنچە بېرىمەن، يائاللا، يىڭنەم يىتتى.

يىڭنەمنى تېپىۋالسام، يائاللا، يىڭنەم يىتتى،
دوپپامنى تىكىۋالسا، يائاللا، يىڭنەم يىتتى.
بېشىمغا يارىشار ئۇ، يائاللا، يىڭنەم يىتتى،
قىستۇرۇپ كىيىۋالسا، يائاللا، يىڭنەم يىتتى.

# بوستان چاچ

نورۇز كەلدى جاھانغا، باھار بولۇر كۆندۈر بۆگۆن،
دەرەخلەرگە سۇ يۆگۆرۆپ، بىخ ئۇرار كۆندۈر بۆگۆن.

دېھقانلار قوش ھەيدىشىپ، ئۇرۇق سالۇر يېرىگە،
ئىش بېشى سائەت كۆنى، ئامبار تولار كۆندۈر بۆگۆن.

كەلدى نورۇز يىل باشى، كەتتى كۆڭۆل چىركىنى،
نورۇز دىبان كېلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۆركىنى.

گۆللەر قىسىپ قىز ـ ئوغۇل، ئەگرى قويار بۆكىنى،
تاماش قىپ ئويناشۇر، كۆڭۆل ئاچۇر كۆندۈر بۆگۆن.

شاتۋادا تون كيىپ، جۇۋا ـ تۇماقنى تاشلىدۇق،
كۆڭۆلچىلىكتە ئولتۇرۇپ، نەغمە ـ قىلۇر كۆندۈر بۆگۆن.

بەيگە ـ ئوغلاق ئالىپ مەشرەپ قىلۇر كۆندۈر بۆگۆن،
قايغۇ ـ ھەسرەتلەر كېتىپ يايراشۇر كۆندۈر بۆگۆن.

كەلدى نورۇز يىل بېشى ئەلدە تاماشا ئارىلاش،
بولدىلەر راھەت جاھانغا، يوق بولدى جاپا ئارىلاش.

كوچىدا قىلدى گاداي - شاھلار تاماشا ئارىلاش،
ئويۇندى پوڭزەك ئوغۇل، لەگلەكنى قىزلار ئارىلاش.

كەلدى نورۇز يىل بېشى، كۆپ سائەتتۇر بۈگۈن،
نورۇز قىلماق - يايرىماق كۆپكە ئادەتتۇر بۈگۈن.

تەجرىبە قىلساڭ ئەگەر، كۆپ ئالامەتتۇر بۈگۈن،
ئۆيدىن ئۆيگە ھېيتلىشىپ مېھمان بولۇر كۈندۈر بۈگۈن.

كىگىزلەرنى قېقىشتۇرۇپ، ئۆيلەرنى قىلغىن يورۇق،
بولۇڭلاردا قالمىسۇن پايتىما، ئەسكى چورۇق.

بولسۇن مۇھىت پاكىز، ئەخلەت - چاۋارلاردىن ئەسەر يوق،
كەلدى مېھمانلار كۆرۈپ، كۆڭۈللىرى بولسۇن ئوچۇق.

بارچە خوشلۇق يېتىپ كەلدى، تاماشا كۆپ كۈندۈر بۈگۈن،
بەھۇزۇر كەيىپ سۈرۈپ، يايرىسۇن مېھمان بۈگۈن.





## ئوغلاق ئۇخلىتىش

ئاق ئوغلىقىم ـ ئوغلىقىم،
ساق ئوغلىقىم ـ ئوغلىقىم.
يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە
يات ئوغلىقىم ـ ئوغلىقىم،
چىگى ـ چىگ، چىگى ـ چىگ...

ئاناڭ تاغدا مەرەيدۇ،
ئوت سېپ بەرسە يېمەيدۇ.
ئۇخلاۋەرسەڭ كارى يوق،
بالام نەدە دېمەيدۇ،
چىگى ـ چىگ، چىگى ـ چىگ...

ئاق ئوغلىقىم ـ ئوغلىقىم،
شاش ئوغلىقىم ـ ئوغلىقىم.
ئەقلىڭ بولسا ئويغىنىپ،
قاچ ئوغلىقىم ـ ئوغلىقىم،
چىگى ـ چىگ، چىگى ـ چىگ...

## مەن ئۇكامنى باقىمەن

تەخسىدە كاۋاپ،
يېسىلە ساۋاب.
مەن ئۇكامنى باقىمەن،
قويىنۇمغا سولاپ.

بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسى،
بوستانلىق تېرەك.
چاتۇۋېتىڭ شېخىنى،
قالاشقا كېرەك.



## بۇغداي

قارا باغدىن يەر ئالدىم،
دېھقان بولمەن ئەمدى.
بىر يېرىم سەر تەڭگەم بار،
كەتمەن ئالمەن ئەمدى.

تۈزلەپ بولدۇم ئېتىزنى،
ئوسا قىلمەن ئەمدى.
ھەپتە بولدى تاۋلاشتى،
قوشنى قاتمەن ئەمدى.

تەييار بولدى ئېتىزلار،
ئۇرۇق سالدىم ئاشۇنداق.
قاتار ـ قاتار مايسلار،
ئۈنۈپ چىقتى مۇشۇنداق.

ئىككى قېتىم سۇ قۇيسام،
تاختا بولدۇ ئەمدى.
پەرۋىش قىلغاچ مايسلار،
كاتتا بولدۇ ئەمدى.

پىشىپ كەتتى بۇغدايلار،
ئورغاق سالمەن ئەمدى.
بىلەيلىرىم ئاشۇنداق،
بىلەپ ئالمەن مۇشۇنداق.

ئورمىنى ئورۇپ بولدۇم،
خامان قىرىمەن ئەمدى.
ئۇنچىلىرىم مۇشۇنداق،
توشۇپ بولمەن ئەمدى.



# باللار قوشاقلىرى

راسا ئېيتسپ لاي ـ لايىنى،
خامان قوشمەن ئەمدى.
يۇمشاپ كەتتى پايخانلار،
بۆلەك يارىمەن ئەمدى.

دان ساماندىن ئايرىلدى،
مەن تاسقايمەن ئاشۇنداق.
ئۆتكەمىلىرىم مۇشۇنداق،
دانلار چۇشەر ئاشۇنداق.

تاسقاپ بولدۇم بۇغداينى،
چەشلەپ ئالىمەن ئەمدى.
گۆرجەكلىرىم مۇشۇنداق،
راسا ئاتىمەن ئاشۇنداق.

توشۇپ كەتتى تاغارلار،
بىزدە يوقتۇر ئامبارلار.
ئورا قازدىم ئاشۇنداق،
چوڭقۇرلۇقى مۇشۇنداق.

ياخشى ئىشلەپ تىرىساق،
بۇغداي ـ قوناق ئوخشايدۇ.
ئەمگەك سۆيىمەس ھۇرۇننى،
ئەل سىپىگە قوشمايدۇ.

ئەمگەك سۆيگەن ئادەمنىڭ،
مەنسى بار سۆزىدە.
تۇرمۇشىدا توقچىلىق،
نۇر ئوينايدۇ يۈزىدە.



## ئالتە ـ ئالتە ئوتتۇز ئالتە

ئالتە ـ ئالتە، ئوتتۇز ئالتە،
ئوتتۇز ئالتىنى كىم يازدى؟
ئاكام بىلەن مەن يازدىم.
يالغان بولسا سوراپ باق،
پېشانەمدىن قان ئېپباق.

## پىچى ـ پىچى

پىچى ـ پىچى ـ پىچى،
دوستلارنى قىچى.
ئۇلار جەم بولسا،
يورۇقتۇر كېچى.

پىچى ـ پىچى ـ پىچى،
دوستلارنى قىچى.
گۈللەرگە چۆمسۇن،
هويلىنىڭ ئىچى.

پىچى ـ پىچى ـ پىچى،
دوستلارنى قىچى.
ئازدۇر ئۇلارنى،
ئايلانسۇن بېشى.



## ئالما ئۈزدۈم


يۈگۈرۈپ بېرىپ چىقىۋالدىم،
ئالما شېخىغا.
ئىككى ئالما ئۈزۈۋالدىم،
ساۋاقدىشىمغا.
ساۋاقدىشىم ياخشىكەن،
كەلدى قېشىمغا.
دۈشمەنلىرىم ئەسكىكەن،
ئۇردى بېشىمغا.
ئۇرغىنىغا باش يېرىلماس،
بۆكنىڭ ئىچىدە.
دۈشمەنلىرىم هېچ قاچالماس،
كۆپىنىڭ ئىچىدە.

# باللار قوشاقلىرى

## پوڭزىكىم

كىچىككىنە پوڭزىكىم،
هاڭقىۋاتىدۇ.
—ۋاي موما،
مېنى ئاپام ئۇرۇۋاتىدۇ.
—ئۇرسۇن بالام قويۇپ بەر،
ھېرىپ – ئاچقىچە.
سەنمۇ قاڭقى توختىماي،
بويىدىن ئاشقىچە.
—ۋاي موما،
مېنى ئاتام تېپىۋاتىدۇ.
—تېپەر سېنى بىردەمگە،
پۇتى تالغىچە.
كەتكىن سەنمۇ ئۇزاققا،
يېنىپ تەپكىچە.
تەپكىنىگە يېرىلما،
ئۇرغىنىغا ھەم.
ئۇرۇپ – تېپىپ تاپىدۇ،
ئۆزلىرىگە ھەم.





## چاي

چاي – چاي، پەمىل چاي،
چاي ئۇچىدىن ئۈزگەن چاي.
زەپمۇ ئىللىق پۇرايدۇ،
ئىچسە يۈرەك ئوينايدۇ.
ئەللەپ بەرسە،
چەللەپ بەر،
سەرلەپ بەر،
دادام ئىشتىن قايتقاندا—
ئاچچىق سېلىپ دەملەپ بەر!




## يامغۇر ياغ

ھەي بۇلۇتلار، بۇلۇتلار،
يامغۇر ئېلىپ كېلىڭلار.
بۇغداي ۋە قوناق تەردۇق،
سۇغا قاندۇرۇپ كېتىڭلار.
كېچىچە ياغ، ياغ يامغۇر،
كۆكلەپ ئۆسسۇن چۆنەك ـ چۆنەك.
سەۋزە، پىياز ھەم چامغۇر.
پىلەك تارتسۇن قوغۇن، تاۋۇز،
چىلگە بىلەن تەرخەمەك.

## ئوغلۇمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

— ئوغلۇمنى كۆردۈڭلارمۇ؟
— ئالما تېرىۋاتاتتى.
— ئالمىسى بار، ئۆزى يوق،
— سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى.
— كىيىمى بار، ئۆزى يوق،
— ئۈزۈم ئۈزۈۋاتاتتى.
— سېۋىتى بار، ئۆزى يوق،
ئەمدى قانداق قىلارمەن.
ئۇنى نەدىن تاپارمەن،
— «تۇ ـ تۇ» قىلىپ دان چېچىڭ.
ئانا بولۇپ قىچقىرىڭ،
چىقار مۆككەن تۆشۈكتىن.





## ٴاق توشقان

ٴاق توشقان، ٴاپٴاق توشقان،
سىغىزخاندىن ساق توشقان.
تۇخۇمدىنمۇ ٴاق توشقان،
ٴۇزۇن قۇلاق، مۇشۇك بۇرۇت،
ٴاپٴاق مامۇق، ٴاق توشقان.
يىپەك تۇكنى يەلپۇتۇپ،
ٴاپٴاق قاردا يۇگۇرگەن.
لىۋى پۇچۇق، تار ٴىڭەك،
ٴەلەس كۆزلۇك ٴاق توشقان.
تىۋش كەلسە يۇگۇرۇپ كەتكەن،
توخۇ يۇرەك ٴاق توشقان.
ٴۇۋاڭغا بىرىپ ياتساڭچۇ،
كۆپلەپ بۆجەن تاپساڭچۇ.
بۆجەنلىرىڭ كۆپىيىپ،
قىم ـ قىم بولسۇن ٴاق توشقان.

## كىگىزچى بىلەن شاگىرت

ٴاتقۇچى داڭ ـ داڭ قىلدۇ،
ٴىتلىرى غاڭ ـ غاڭ قىلدۇ.
ٴاتقۇچىنىڭ بىر قىزى بار،
قاپقارا ٴاش قىلدۇ.

ٴۆزى ٴىچىدۇ بىر تاۋاق،
ماڭا بەردى بىر قوشۇق.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ٴىتكىنى پوقىلدىم.





## ئوجۇن قوڭغۇزى

— ئوجۇن قوڭغۇزى،
— ئوجۇن بەرمدى.
— مېڭىڭلار ئاداش!
— نەگە بارىمىز؟
— توغراق تۈۋىگە،
— نېمىش قىلىمىز؟
— گىلەم توقۇيمىز؟
— گىلەمنىچۇ؟
— گىلەمنى سېتىپ،
— خوتۇن ئالىمىز.

## بىر باستىم، ئىككى باستىم



بىر باستىم، ئىككى باستىم،
چاقمىغا تانا باستىم،
سىرلىق ساندۇق چاپتۇردۇم،
مەخمەل بىلەن ياپتۇردۇم.
كىمخاپ بىلەن ئاچتۇردۇم.
يىلان توغراپ ئاش ئەتتىم،
پاخلان توغراپ كۆك ئەتتىم،
ئەزىز ئاتا ـ ئانامنى،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.



## هوي ئاچا

— هوي ئاچا،
— نەگە بارىلا؟
— بازارغا.
— نىمە ئالىلا؟
— كاللا.
— كىم يەيدۇ؟
— باللا.
ۋىچىر - ۋىچىر دەپتىمەن،
پاسالىقتىن چىقىپتىمەن.
ئاش ئەتمىگەن خوتۇنىنىڭ،
كۆتىگە نەچچىنى تېپىمەن.

## خالايدۇ

ئايشەمگۈلنىڭ تۇغۇلغان كۈنى،
بۇ كۈنى.
ئېگىزلىكى مۇنداق،
كەڭلىكى مۇنداق،
تارلىقى مۇنداق.
ھەسەن - ھۈسەن دەيدۇ.
ھەسەل يېغى چىقسا،
قۇيماق ئېتىپ يەيدۇ.
قۇيماق يېغى چىقسا،
پولۇ ئېتىپ يەيدۇ.
كىمنى خالايدۇ،
خالىغاننى خالايدۇ.



责任编辑：哈斯亚提·依不拉音
责任校对：阿不都热依木·阿布力米提
封面设计：吐达吉·吐尔洪
绘　　画：阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——做个朋友吧(精选维吾尔儿童小诗)
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)